
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مۇھەببەت تەربىيىسى

ئامىچىس [ئىتالىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مۇھەببەت تەربىيىسى

## ئامىچىس [ئىتالىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم ئابلىز



本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑: 吐尔洪江·苏里坦

美术编辑: 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对: 茹鲜古丽·吐尔逊
艾比布拉·艾力

审　　订: 亚森·吾不力哈斯木

世界经典文学作品赏析

爱的教育 (维文)

阿依夏木·阿布力孜 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本: 787×970 毫米 1/32　　印张: 5.75
ISBN 7－80658－932－5

定价: 7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991－4521461

**图书在版编目（C I P）数据**

爱的教育／（意）亚米契斯（Amicis, E, D.）著；志江改编；阿依夏木·阿布力孜译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7－80658－932－5

Ⅰ．爱…Ⅱ．①亚…②志…③阿…Ⅲ．儿童文学—日记体小说—意大利—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I546.84

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037227号

بۇ كىتاب جۇڭگو باللار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**مۇھەببەت مائارىپى**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 2006-يىل 5-ئاي 1-بېسىلىشى

فورماتى: 787×970mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5.75

ISBN 7－80658－932－5

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئوقۇش باشلانغان تۇنجى كۈن............................ 1
ھۆرمەتلىك مۇئەللىم.................................. 7
مەردانىلىك.............................................. 13
ئانا ۋە بالا............................................... 17
تۇرخۇن تازىلىغۇچى بالا............................... 22
ياخشى دوستۇم كارون.................................. 28
كۆمۈر ساتقۇچى ۋە مۆتىۋەر............................ 34
كىچىك سودىگەر......................................... 39
قار پومزىكى ۋەقەسى.................................. 43
بوۋاينى يوقلاش......................................... 48
قايتىپ كەلگەن ماركا توپلىمى......................... 51
دادىسىغا ھەمدەم بولۇش............................... 52
دۆت قۇش بالدۇر ئۇچىدۇ............................... 63
ستاردىنىڭ كۈتۈپخانىسى............................... 67
ۋاپادارلىق................................................ 70
پەۋقۇلئاددە مېدال...................................... 73
ئائىلە مەخپىيىتى....................................... 78
تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا................................. 83
ئەما بالىلارنىڭ تۇرمۇشى.............................. 87

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت................... 92

بىمەنە تالاش ـ تارتىش........................... 96

دادامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى............................ 100

ئوت ئىچىدىكى باتۇر.............................. 114

پالاكەتكە ئۇچرىغان كېمە......................... 121

يىراققا سەپەر.................................... 132

يىللىق ئىمتىھان................................. 138

ئېغىزچە ئىمتىھان................................ 141

ئايرىلىش......................................... 145

ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل..................... 151

# ئوقۇش باشلانغان تۇنجى كۈن
## 17 ـ ئۆكتەبىر، دۈشەنبە

بۈگۈن ـ ئوقۇش باشلانغان كۈن. ئۈچ ئايلىق تەتىل ۋاقتىم يېزىدا خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئەمدى 4 ـ يىللىققا كۆچتىمەن.

كوچا مەكتەپكە ماڭغان بالىلار بىلەن تولغان، كىتابخانىلار بالىلىرىغا ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كىرگەن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى.

سومكا يېڭى مۇقۇسۇملۇق دەرسلىك كىتاب ۋە تاپشۇرۇق دەپتەرلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

مەن بۇ يېڭى كىتاب ۋە دەپتەرلەرنى تېزرەك ئىشلىتىشكە، ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان ساۋاقداشلىرىمنى تېزرەك كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم، شۇڭا ئىختىيارسىز قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم.

بەزى ساۋاقداشلىرىم يىراقتىنلا ماڭا قاراپ بۆكلىرى-
نى پۇلاڭلاتتى، بەزىلىرى ئاتايىتەن ئالدىمغا يۈگۈرۈپ
كېلىپ، مەن بىلەن قۇچاقلاشتى، ئۇلارنىڭ بويلىرى
تەتىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈ-
نەتتى. مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم.


مەكتەپ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، بىرى تۇيۇقسىزلا
مۇرەمگە ئۇردى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇچىنچى يىللىقتىكى
ئوقۇتقۇچۇم ئىكەن.

— ئالىخ، بۇنىڭدىن كېيىن بىرگە بولالمايدىغان
بولدۇق! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

بۇ مەۋسۇمدا بىزگە باشقا بىر ئوقۇتقۇچى دەرس
بېرىدۇ، بۇنى بىز تەتىلدىن ئىلگىرىلا بىلگەنىدۇق. بى-
راق، مۇئەللىمىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكلا بۇ-
زۇلدى.

بىزنىڭ يېڭى سىنىپىمىز 2 ـ قەۋەتتە ئىدى.

تۆۋەن يىللىقتىكى ۋاقتىمىزدا، يۇقىرى يىللىقلار-
دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقى-
نىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارغا تولىمۇ ھەۋەسىمىز كې-
لەتتى. مانا، ئەمدى نۆۋەت بىزگىمۇ كەلدى. شۇڭا، ئۆ-
زۈمنى ئىنتايىن پەخىرلىك ھېس قىلدىم.



سائەت 10 دا ھەممىمىز سىنىپقا كىردۇق. سىنىپىمىزدا جەمئىي 54 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت 15 — 16 سىلا مېنىڭ 3 ـ يىللىقتىكى ساۋاقداشلىرىم ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دائىم 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئالىدىغان دەيلۇسمۇ بار ئىدى.

لېكىن مەن ئۈچ ئاي تەتىلدە يېزىدىكى ئورمانلىق ۋە ئېتىزلىقلاردا چېپىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن، سىنىپ ماڭا ھەم تار، ھەم دىمىق بىلىنەتتى — گەرچە ئانام سىنىپىمىزنىڭ ئازادىلىكىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ.

يېڭى ئوقۇتقۇچىمىز پىبونىغا ئانچە كۆنەلمىدىم. 3 ـ يىللىقتىكى ئوقۇتقۇچىمنى ئەسلىدىم. ئۇ دائىم بىزگە مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. لېكىن كۆز ئالدىمىدىكى بەستلىك، چاچلىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان بۇ مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى قاتتىق، بوم ئىدى، گويا كۆڭلىمىزدىكىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك بىزگە تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى سۇرلۇك، كۈلكىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنى كۆرگەندە، قورققىنىمدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

ئۆيگە كېتىۋېتىپ، مەن ئانامغا:

— بۇ يىڭى مۇئەللىم قارىماققا بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىكەن، — دېدىم.

ئانام ماڭا قاراپ:

—ئۇنداق ئويلىما، بىر ئادەمگە سىرتقى قىياپە-تىگە قاراپلا باھا بەرگىلى بولمايدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ پەقەت مى-جەزىلا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇ. سىلەر يۇقىرى يىللىققا چىقتىڭلار، دەرسلىرىڭلار تېخىمۇ قىيىنلاش-تى، مۇئەللىم چىڭ تۇتسا، سىلەرنىڭ ئۆگىنىشىڭلارغا پايدىلىق!

سەن 3 - يىللىقتىكىگە ئوخشاش، مۇئەللىمىڭنى ھۆرمەتلىگىن، يېڭى مۇئەللىمگە ئەگىشىپ تېخىمۇ تىرىشقىن. مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلىمەن، سەن ياخشى ئوقۇساڭ، داداڭمۇ خۇش بولىدۇ! — دېدى.

مەن دادامنىڭ ئەتىگەن ماڭىدىغان چېغىمدا تاپىلاپ: «ئالىخ، تىرىشىپ ئوقۇغىن جۇمۇ، بالام» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم.

شۇنداق، مەن ھازىر 4 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى، شۇڭا تىرىشىپ ئوقۇشۇم كېرەك. مەن ئاتا - ئانامنىڭ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدىم.

# ھۆرمەتلىك مۇئەللىم

## 18 ـ ئۆكتەبىر، سەيشەنبە

تۈنۈگۈن ئانامنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن. پېبونى مۇئەللىم قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى مېھرىبان، ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇئەللىم ئىكەن، بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ مەن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم.

مەن سىنىپقا كىرگەندە، مۇئەللىم سىنىپتا ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، ئورۇن تەرتىپى بويىچە يېزىلغان تىزىملىككە قاراپ ساۋاقداشلارغا سەپسالاتتى. ئۇنىڭ بۇلتۇر ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرى پات ـ پات ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ «مۇئەللىم، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن!» «پېبونى مۇئەللىم، ياخشىمۇ سىز؟» دەپ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى، بەزىلىرى بولسا سىنىپقا كىرىپلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراقلىقىنى، بۇ يىل ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇمۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىرمۇبىر جاۋاب بېرىپ: «ئەتىگەنلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن!» دەيتتى ۋە


ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويىۋاتتى ـ يۇ، ئەمما ئۇلارغا بىۋاسىتە تىكىلىپ قارىمايتتى. مېنىڭچە، ئېھتىمال ئەمدى ئۇلارنى ئوقۇتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئوماق باللارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقان بولسا كېرەك.

تۈنۈگۈن 3 ـ يىللىقتىكى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن كۆ-رۈشكەن چېغىمدىكى مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىپ، پەبونى مۇئەللىمنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىنى چۈشەن-گەندەك بولدۇم.

دەرس باشلاندى. مۇئەللىم بىزگە ئىنشا يازدۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ مۇنبەردىن چۈشۈپ، سىنىپنى ئارىلاپ ماڭغاچ بىزنىڭ يازغانلىرىمىزنى تەكشۈردى، ئۇ يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرىگە قىزىل دانىخورەك چىقىپ كەتكەن بىر ساۋاقداشنىڭ يېنىدا توختاپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇ-نىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى ۋە كۆيۈنگەن ھالدا:

— بىئارام بولۇۋاتامسەن؟ تىلىڭنى چىقىرىپ باقە، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئوقۇ-غۇچى ئورۇندۇقتا چىقىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ شەي-تانلىق قىلىشقا باشلىدى. سىنىپ باشلىقىمىز دەيلۇس ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى قىلسىمۇ پەرۋا قىلمىدى.



— مۇئەللىم تۇيۇقسىز ئارقىسىغا بۇرۇلغانىدى، ئۇ دەرھال ئولتۇرۇۋالدى، ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا مۇئەل-لىمنىڭ تەنقىدلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، لېكىن مۇ-ئەللىم ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىمىدى، بەلكى ئۇنىڭ بېشى-نى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۈنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىغىن! — دېدى.

بىز ئىنشا يېزىپ بولدۇق، مۇئەللىم مۇنبەرگە قايتىپ چىقىپ، ئۇندىمەستىن بىزگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ياڭراق ۋە يېقىملىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— باللىرىم، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ بىر يىلنى بىز بىرلىكتە ئۆتكۈزىمىز، مەن سىلەرنىڭ ياخشى ئۆگى-نىپ، ياخشى بالا بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ تۇغقانلىرىم قالمىدى، سىلەر مېنىڭ تۇغ-قانلىرىم، بۇلتۇر ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، مېنىڭ بۇ دۇنيادا سىلەردىن باشقا قە-دىرلەشكە ئەرزىيدىغان ۋە غېمىمنى يەيدىغان ھېچقانداق ئادىمىم يوق.

مەن سىلەرنى ئۆز بالامدەك كۆرىمەن. سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن! سىلەرنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرۈشۈڭ-لارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىلەرنى جازالاشنى خالى-مايمەن. سىلەرمۇ ماڭا ئۆزۈڭلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، ياخشى

باللىلار ئىككەنلىكىڭلارنى بىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك.

— بۇنىڭدىن كېيىن، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىلەرنى قوغدايمەن ۋە تەربىيىلەيمەن. بىزنىڭ بۇ سىنىپىمىز خۇددى بىر ئائىلىگە ئوخشايدۇ. سىلەرنىڭ كۈنسېرى ئالغا بېسىشىڭلار مېنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقىم، ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئارامىم ۋە ئىپتىخارىم! سىلەر چوقۇم مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيسىلەر!

بىز پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن مۇئەللىمگە تىڭشىدۇق. ئىمىزچە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەتتۇق.

بۇ چاغدا، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، بىزمۇ مۇئەللىمگە سالام بېرىپ بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. بايا ئورۇندۇققا چىقىپ شەيتانلىق قىلغان بالا مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بوش ئاۋازدا:

— مۇئەللىم، مەن خاتا قىلدىم، مېنى كەچۈرۈڭ! — دېدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولدى، قايتقىن بالام! — دېدى.

## مەردانىلىك

## 26 ـ ئۆكتەبىر، چارشەنبە

بۈگۈن ئەتىگەندە، مەكتەپكە ئادەتتىكىدىن كېيىنـ ـرەك يولغا چىققانلىقىم ئۈچۈن، كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، سىنىپقا قاراپ يۈگۈردۈم. سىنىپقا كىرىپ قارىسام، مۇئەللىم تېخى كىرمىگەن ئىكەن، ئۈچ ـ تۆت بالا ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىماي بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ گلوسنى بوزەك قىلىۋېتىپتۇ.

گلوس قىزىل چاچلىق بىر بىچارە بالا بولۇپ، سول قولى مېيىپ بولغاچقا، ئۇ قولىنى كۆتۈرەلمەيتتى.

نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ دادىسى داۋاملىق ئۆيىدە بولالـ ـمايتتى، ئانىسى ھەر كۈنى ئەتىگەن كوچىدا كۆكتات سېتىپ تاپقان ئازراق پۇل بىلەن ئائىلىسىنى قامدايتتى.

بۇ بىرنەچچە كەپسىز بالا ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى، ئۇلار كۈلۈشكەن ھالدا، بىردەم ئۇچ بۇرجەك سىزغۇچ بىلەن ئۇنى نوقۇسا، بىردەم كاشتان پوستىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتاتتى. بىر بالا تېخى بىر بىلىكىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭ مېيىپ ھالىتىنى دوراۋاتاتتى.

گلوسنىڭ ئاچچىقتىن يۈزلىرى ئېسىلىپ

قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ نائىلاج، گويا «ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭلار!» دەۋاتقاندەك، يېلىنىش نەزەرىدە ئۇلارغا قارايتتى.

ئۇلار گلوسنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئە-دەپ كېتىشتى. ئاخىر گلوس ئاچچىقىدا قىزىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، تىترەپ كەتتى.

— قاراڭلار، گلوسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ.

سىنىپىمىزدىكى ئەڭ كەپسىز بالا فرانسى تېخىمۇ ئەدەپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، گلوس-نىڭ ئانىسىنىڭ ئەپكەش كۆتۈرۈپ كۆكتات سېتىۋاتقان قىياپىتىنى دوراپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپ-تىن ئورنىدا توختىماي ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، ساۋاقداش-لارنىڭ ھەممىسىنى پاراقىدە كۈلدۈرۈۋەتتى.

بۇ چاغدا، سىنىپ باشلىقىمىز دەيلۇس بىلەن كا-رون سىنىپقا كىرىپ كەلدى ـ دە، بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئىتتىك بېرىپ گلوسقا بولۇشتى.

— ئۇنداق قىلماڭلار! — دېدى دەيلۇس ئۇلارنى تو-سۇپ.

— قېنى كىم يەنە ئۇنى بوزەك قىلىدىكىن! — دەپ ۋارقىرىدى كارون.

لېكىن دەل شۇ چاغدا، گلوس ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تۇيۇقسىز سىياھ قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ،

فرانسىسنىڭ بېشىغا كۆچەپ ئاتتى. فرانسى ئىتتىك ئۆ-زىنى يانغا ئېلىۋىدى، سىياھ قۇتىسى دەل سىنىپقا كىرىپ كېلىۋاتقان پىبونى مۇئەللىمنىڭ مەيدىسىگە تەگدى.

كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

سىنىپ تىمتاس، ھېچكىم ئۈن چىقىرىشقا پېتى-نالمايتتى.

مۇئەللىم سىياھ قۇتىسىنى يەردىن ئېلىپ، كۆپ-چىلىككە تىكىلدى:

— بۇنى كىم ئاتتى؟

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

— زادى كىم ئاتتى؟ ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قى-لىڭلار!

گلوس ئادەتتە قورقۇنچاق ئىدى، شۇڭا ئۇ گەپمۇ قىلالماي تىترەپ ئولتۇراتتى.

— مەن! — دەپ جاۋاب بەردى كارون ئورنىدىن تۇ-رۇپ.

مۇئەللىم كارونغا بىر قارىۋېتىپ، سىلىق ئاۋازدا:

— مېنىڭچە، سەن ئەمەس! — دېدى.

بۇ چاغدا، گلوس ئورنىدىن تۇردى.

— مەن، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، —

ئۇلار بىكاردىن بىكار مېنى بوزەك قىلدى. مەن ئاچچىدىن قىمغا پايلىماي ئاندىن ... بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، مۇئەللىم، بۇ قېتىم مېنى كەچۈرۈڭ!

— سەن ئولتۇر! بايا كىم گلوسنى بوزەك قىلدى؟ ئۆزى ئورنىدىن تۇرسۇن، — دېدى مۇئەللىم.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تۆتى سالپايغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

مۇئەللىم ئۇلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سىلەر كارامەت ئىكەنسىلەر! — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا، — ياۋاش بىر ساۋاقداشنى بوزەك قىپسىلەر، قولى مېيىپ بەختسىز بالىنى مازاق قىپسىلەر، سىلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدارى يوق ئاجىز بىر بالىنى بوزەك قىپسىلەر، بۇنىڭ ئەڭ نومۇسسىزلىق، پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھۇ، يارىماسلار!

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. تەنقىدلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كاروننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ چاسا ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ، بېشىنى يۇقىرى قىلدى ۋە كۆزىگە تىكىلىپ، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— كارون، سەن يۈكسەك پەزىلەتلىك بالا ئىكەنسەن، باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بالىلار بەكمۇ ئاز تېپىلىدۇ! ئوغۇل بالا دېگەن سەندەك بولۇشى

كىرەك، — دېدى.

كارونىنىڭ يۈزى توساتتىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ قولىقىغا نېمە دېدىكىن ـ تاڭ، مۇئەللىم تەستىقلاپ باش لىڭشىتتى ۋە ئۆرۈلۈپ، ھېلىقى تۆت كەپسىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىم سىلەرنى كەچۈرۈۋېتەي، يەنە شۇنداق قىلساڭلار ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!

مېنىڭ كارونغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى. ئىچىمدە مۇئەللىمنىڭ «ئوغۇل بالا دېگەن سەندەك بولۇشى كې-رەك!» دېگەن گېپىنى تەكرارلىدىم.

## ئانا ۋە بالا

### 28 ـ ئۆكتەبىر، جۈمە

بۈگۈن شەھەر قۇرۇلغان خاتىرە كۈن، مەكتەپ بىزنى بىر كۈن قويۇۋەتتى.

سەھەردە پەردىنى ئېچىشىم بىلەنلا قۇياش نۇرى ئۆيگە چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى بىردىنلا شادلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولدۇردى.

ئانام ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ:

— ئالىخ، تونۇگۈنكى گېزىتكە بىر نامرات ئانا ـ بالىنىڭ ئىشى يېزىلىپتۇ، ئۇلار بەك بىچارە ئىكەن،

بېرىپ ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى.

ئانام دائىم نامراتلارغا ياردەم قىلاتتى، مەن ئانام تەييارلاپ قويغان بىر بولاق نەرسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتىم.

بىز شەھەر ئەتراپىغا يېقىن جايدىكى بىر كونا بىنانىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۇلار بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى كەپتەرخانىغا ئوخشايدىغان بالىخانىدا تۇرىدىكەن. ئۆينىڭ ئىشىكى كونىراپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئانام ئىشىكنى بوش چېكىۋىدى، ئۆيدىن بىر ئورۇق ياش ئايال چىقتى.

مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتىم، ئۇنىڭ بېشىدىكى قېنىق كۆك رەڭلىك ياغلىقمۇ ئېسىمدە ئىدى.

— گېزىتتە خەۋەر قىلىنغان ھېلىقى ئانا سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئانام. ئۇ ئايال ئانامنىڭ سوئالىغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىز ئازراق كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن، ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، قوبۇل قىلىڭ، — دېدى ئانام ۋە قولۇمدىكى بوغچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

ئۇ ئايال مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، توختىماي تەزىم قىلدى ۋە رەھمەت ئېيتتى. شۇ چاغدا مەن قىزىقسىنىپ،

تۇيدۇرماستىن ئۇي ئىچىگە قارىدىم.

ئۇينىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىدا، مەن بىلەن تەڭتۇش بىر ئوغۇل بالا پولدا ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتى، ئورۇندۇق ئۈستىگە يېيىلغان كىتاب ـ دەپتەرلەر ۋە پولدىكى سىياھ قۇتىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مۇشۇنداق قاراڭغۇ ھەم ئەسكى ئۇيدە تىرىشىپ ئوگىنىۋاتقان بۇ بالا ماڭا ھەم بەك بىچارە كۆرۈندى، ھەم ھۆرمىتىمنى قوزغىدى. مەن يەنە سىنچىلاپ قاراپ ئەندىكىپ كەتتىم.

ئۇنىڭ چېچى قىزىل، ئۇچىسىغا چوڭلارنىڭ كونا چاپىنىنى كىيىۋالغانىدى، سول قولى بىر تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ گىلوس ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايالنىڭ ماڭا تونۇش كۆرۈنگىنى بىكار ئەمەسكەن. ئەسلىدە ئۇ گىلوسنىڭ ئانىسى ئىكەن ئەمەسمۇ! مەن بۇرۇن ئۇنى كوچىدا كۆكتات سېتىۋاتقان ۋە گىلوسنى مەكتەپكە ئەكېلىپ قويغان چېغىدا كۆرگەنىدىم.

مەن بۇ ئىشنى ئاستا ئانامغا ئېيتتىم.

— بولدى، داۋراڭ سالما! — دېدى ئانام، — ئەگەر ئۇ بالا ئانىسىنىڭ باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى، يەنە كېلىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشىنىڭ ئانىسىنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، بىئارام

بولىدۇ.

مەن ئىتتىك ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالاي دې-گەنىدىم، گىلوس تۇيۇقسىز كەينىمگە قاراپ قالدى ـ دە، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم، لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى.

ئانام دۇمبەمدىن ئىتتىرىپ قويۇۋىدى، يۈگۈرگەن پېتىم كىرىپ گىلوسنى مۇرىسىدىن قۇچاقلىدىم.

مەن ئانامنىڭ ئۇنىڭ ئانىسىغا پۇل بېرىۋاتقانلىقى-نى كۆردۈم ـ دە، گىلوسنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قور-قۇپ، ئۇنى تارتىپ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزدۇم. مەن ئاتايىتەن ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كەلگەن قىياپەتتە:

— بۇ مەسىلىنى ئانچە چۈشەنمىگەنىدىم، چۈشەن-دۈرۈپ قويغىنا گىلوس! — دېدىم.

گىلوس مەغرۇرلانغان ھالدا، ماڭا ئەستايىدىل چۈ-شەندۈرۈشكە باشلىدى.

بۇ ئەسنادا، ئىشىكتىن ئانام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى-نىڭ سۆزلىرى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھەي، ئانا ـ بالا ئىككىمىزلا قالدۇق. ئۇنىڭ دا-دىسى يەتتە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىغا ئىش ئىزدەپ كەتكەنىدى، تېخىچە خەۋىرى يوق. يېقىندىن بۇيان ئاغ-رىپ قېلىپ، كۆكتات ساتقىلى چىقالمىدىم، ئامال يوق، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز،

ئەسلىدىلا ھېچقانچە روزىغارىمىز يوق، [illegible]
مۇ سېتىۋەتتۇق، چىراغمۇ ياقالمايۋاتىمىز [illegible]
كىتاب ئوقۇپ، بالىنىڭ كۆزى كېرەك [illegible]
بولدى. ھېلىمۇ كىتاب ـ دەپتەرلەرنى شەھەرلىك ھۆكۈ-
مەت ھەقسىز بەردى، بالام بىر ئامال قىلىپ ئوقۇپ
كېلىۋاتىدۇ، گۈلۈس كىتاب ئوقۇشقا بەك ھېرىس، قانچە
جاپا تارتسامىمۇ ئۇنى ئوقۇتىمەن ... ئۇھ! سۆزلەپ كەلسەم
مەن بالىغا يۈز كېلەلمەيمەن، مەن ھەقىقەتەن بىر
بەختسىز ئايال ئىكەنمەن!

مەن قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئانام بىلەن ئۇنىڭ ئا-
نىسىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم، گۈلۈسنىڭ چۈشەن-
دۈرۈشلىرى قولىقىمغا كىرمەيتتى. قەلبىم بۇ ئانا ـ بالا
ئىككىسىگە بولغان ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق بى-
لەن تولغانىدى.

ئانام يېنىمىزغا كېلىپ، گۈلۈسقا:

— ئوبدان بالام، سەن بەك تىرىشچان ئىكەنسەن،
داداڭ يېقىندا ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلسە، خۇشال بو-
لۇپ كېتەرسەن ھەقچان؟!...خانىم، شۇ چاغدا، سىزنىڭ
بۇ جاپالىرىڭىزمۇ تۈگەيدۇ، — دېدى.

ئويلىمىغان يەردىن، بۇ گەپ گۈلۈسنىڭ ئانىسىنىڭ
قەلب يارىسىنى قوزغىۋەتتى بولغاي، ئۇ يۈزىنى قوللى-
رى بىلەن ئېتىپ، تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئېسەدەپ

يىغلاپ كەتتى.

ـ گۈلۈس، رەھمەت ساڭا، ئەتە مەكتەپتە كۆرۈشەيـ ـلى!

مەن گۈلۈسنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

ـــ رەھمەت، ساڭا، ئالىخ...

گۈلۈس خىجىللىق بىلەن ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ يەنە ماڭا دېيدىغان گەپلىرى باردەك قىلاتتى. پەمىمچە، ئۇ بىزنىڭ سەدىقىمىزگە رەھمەت ئېيتماقچى بولۇۋاتقان بولسا كېرەك.


ئانام بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنى مېڭىشقا ئالدىرىتىپ، ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقاردى.

## تۇرخۇن تازىلىغۇچى بالا

## 1 ـ نويابىر، سەيشەنبە

تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەكتەپـ ـنىڭ يېنىدىكى قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىگە باردىم.

دەرۋازا ئالدىغا كەلگىنىمدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن يانغان ئىكەن. «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار بايرىمى» ۋە «روھـ ـلارغا سېغىنىش بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنى ئىككى كۈن قويۇپ بەرگەچكە، قىزلار ناھايىتى خۇشال ئىدى.



بۇ چاغدا مەن يولنىڭ ئۇ قېتىدا مەندىنمۇ كىچىك بىر بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئىستىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن، قولىدا ئۇزۇن ساپلىق چوڭ بىر چوتكا ۋە كۆمۈر كۇلى ئۇسسىدىغان خالتا بار ئىدى. بىر قاراپلا، ئۇنىڭ تۇرخۇن تازىلىغۇچى بالا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. نېمىشقىدۇ، ئۇ توختىماي يىغلايتتى.

مەكتەپتىن قايتقان قىز ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئورىۋېلىشتى ۋە:

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراشتى.

لېكىن بالا جاۋاب بەرمەي يىغلاۋەردى، قاپقارا كىچىك قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىقاچقا، يۈزلىرى قارا بولۇپ كەتكەنىدى.

— ھەي، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ گەپ قىلغىنا! — دېيىشتى قىزلار.

بالا شۇ چاغدىلا، بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— نەچچە ئۆينىڭ تۇرخۇنىنى تازىلاپ تاپقان 30 تەڭگە پۇلنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، — دېدى ۋە يانچۇقىنى ئۆرۈپ قىزلارغا كۆرسەتتى، ئۇ يەردە بىر تۆشۈك بار ئىدى، پۇل شۇ يەردىن چۈشۈپ قالغانىدى.

— پۇل چۈشۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇستام مېنى

ئۇرىدۇ، — دېدى بالا ئۇمىدسىزلىنىپ ۋە بېشىنى قا-
مالىلىغىنىچە يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

قىزلار بىر-بىرىگە قاراشتى، قانداق قىلىش كې-
رەك؟

شۇ چاغدا يۇقىرى يىللىقنىڭ قىزلىرىمۇ يېتىپ
كېلىشتى. شىلەپىسىگە كۆپ پەي قىستۇرۇۋالغان ئېگىز
بويلۇق بىر قىز سومكىسىدىن ئىككى تەڭگە چىقىرىپ:

— مەندە مۇشۇ ئىككى تەڭگە بار ئىكەن، كۆپچى-
لىك يىغىش قىلايلى! — دېدى.

— مەندىمۇ ئىككى تەڭگە بار، — دېدى قىزىل كى-
يىملىك بىر قىزمۇ، — ھەممىمىز يىغىش قىلساق، 30
تەڭگىنى چوقۇم يىغقىلى بولىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا ساۋاقداشلىرىغىمۇ مۇرا-
جىئەت قىلىشتى:

— ئامارىيە، لوچىيە، ئاننا! تەڭگە بارمۇ؟ قېنى،
پۇلۇڭلار بولسا چىقىرىڭلارچۇ!

قىزلار بەس-بەس بىلەن يانلىرىدىكى گۈل ۋە
دەپتەر ئېلىشقا تەييارلاپ قويغان پۇللىرىنىڭ ھەممى-
سىنى چىقىرىشتى. 1-يىللىقتىكى بىر كىچىك قىزمۇ
ئۆزى ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتقان بىر كىچىك مىس تەڭگىنى
چىقاردى.

شىلەپىسىگە پەي قادىۋالغان چوڭراق بىر قىز

پۇللارنى يىغىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— 8، 10، 15! — دەپ ساناشقا باشلىدى.

پۇل يەنە خېلىلا كەم ئىدى! بۇ چاغدا يەنە بىر چوڭراق قىز كېلىپ يېرىم لىرا چىقىرىپ بەردى. بۇ 10 تەڭگىگە تەڭ ئىدى، قىزلار خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى، لېكىن يەنە بەش تەڭگە كەم ئىدى.

— قاراڭلار! — دېدى بىر قىز، — 5 - يىللىقتىكى ساۋاقداشلار كەلدى، ئۇلاردا چوقۇم پۇل بار!

5 - يىللىقتىكى قىزلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، بەس - بەس بىلەن پۇللىرىنى چىقىرىشتى. بىردەمدىلا يىغىلغان پۇل 30 تەڭگىگە يەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

يېنىدا پۇلى يوق بەزى كىچىك قىزلارمۇ ئارقىدا قېلىشنى خالىماي، قىستىلىپ كىرىپ قوللىرىدىكى كىچىك گۈللەرنى تۇرخۇن تازىلىغۇچى بالىغا سوۋغا قىلىشتى. بالىنى ئورىۋالغان، رەڭگا - رەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، شىلەپىلىرىگە پەيلەرنى قاداشقان بۇ قىزلار خۇددى گۈل - چېچەكلەردەك چىرايلىق ئىدى. بۇ چاغدا، كىمدۇر بىرى:

— مەكتەپ مۇدىرى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋىدى، قىزلار خۇددى بىر توپ ئۈركىگەن قۇشتەك بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتتى.

مەكتەپ مۇدىرى قىچىسپ كىتىۋاتقان، رەڭگا ـ رەڭ كىيىملىك قىزلارغا شۇبھە بىلەن قارىغاندىن كىيىن، نەزەرىنى بالىغا ئاغدۇردى، بالا بىر قولى بىلەن توختىماي شادلىق ياشلىرىنى سۈرتسە، يەنە بىر قولىدا يالتىراپ تۇرغان تەڭگە پۇللارنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يانچۇقلىرى، چاپىنىنىڭ تۈگمە تۆشۈكلىرى ۋە شەپكىسىگە گۈللەر قادالغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ نۇرغۇن گۈللەر چېچىلىپ ياتاتتى.

مەكتەپ مۇدىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

## ياخشى دوستۇم كارون
## 4 ـ نويابىر، جۈمە

ئىككى كۈنلۈكلا دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ كارون بىلەن كۆرۈشەلمىگەچكە، ماڭا بۇ دەم ئېلىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. مەن ۋە نۇرغۇن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم كارونغا بەك ئامراق ئىدۇق. پەقەت بىرنەچچە ھاكاۋۇر، باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا ئامراق بالىلارلا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايتتى، چۈنكى ئۇلار كىچىك ساۋاقداشلارنى بوزەك قىلغاندا، كارون ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى.

كارونىنىڭ دادىسى پويىز شوپۇرى ئىدى، ئۇزىمۇ خۇددى پاراۋوزغا ئوخشاش بەردەم ھەم كۈچلۈك ئىدى. كارون سىنىپتىكى باللارنىڭ ئەڭ ئېگىزى بولۇپ، ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ھېلىقى باشقىلارنى بوزەك قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەممىدىن بەك ئاق كۆڭۈل ئىدى، باشقىلارغا كېرەك بولسىلا، ئۇ قەلەم، ئۆچۈرگۈچ، قەغەز ۋە بەكىلەرنى ئۇلارغا بېرىپ تۇراتتى، ھەتتا بېرىۋېتەتتى. بىر قېتىم 2 ـ يىللىقتىكى بىر ساۋاقداش خاتىرە دەپتەر ئالىدىغان پۇلىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ يول بويىدا يىغلاپ تۇرغاندا، كارون ئۇنىڭغا بىر تەڭگە بەرگەنىدى.

كارون مېنى ياخشى دوستۇم دەپ بىلەتتى، بۇنىڭدىن مەنمۇ بەك پەخىرلىنەتتىم. بۈگۈن يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنىڭ كارونغا بولغان قايىللىقىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

مۇئەللىم مېنى بىر ئىش بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەۋەتكەنىدى، مەن ئۇ يەردە كىيىملىرى كونا، چىرايى تاتارغان پاكار بىر خانىمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ناگېنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. مەكتەپ مۇدىرى مېنى كاروننى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كارون جىددىيلىشىپ

كەتتى، لېكىن ناگېنىڭ ئانىسىنىڭ كارونغا رەھمەت ئېيتقىلى كەلگەنلىكى مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، چۈنكى كارون ناگېغا دائىم غەمخورلۇق قىلاتتى.

ناگې بىر بىچارە بالا بولۇپ، ناھايىتى ياۋاش ۋە تىرىشچان ئىدى، بىراق، بويى پاكار، تېنى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوك ئىدى، قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى. شۇڭا، ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە ئېپكىلىپ ئېپكېتەتتى.

دەسلەپتە، بەزى ساۋاقداشلار ئۇنى كۆرسىلا:

— ناگې! ناگې! كىچىك دۇمچەك! يول ماڭىدۇ دا-ۋانغا ياماشقاندەك! — دەپ مازاق قىلىشاتتى.

ئۇلار ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشسە ياكى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ مې-گىشىنى دورايتتى، ئىشقىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى كەمسىتەتتى.

ناگې دائىم بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئۈن-تىنسىز يىغلايتتى. بىراق، ئانىسىنىڭ ئەنسىرەپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشلارنى ئانىسىغا پەقەت ئېيتمايتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلاتتىم. بى-راق، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ «ئۇنى بوزەك قىلماڭلار» دېيەلمەيتتىم، چۈنكى مەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيتتىم.

بىر كۈنى كارون غەزەپلەنگەن ھالدا، ئۇلارغا:

— ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن كىم

ناگىنى بوزەك قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرد-مەن! — دېدى.

پەقەت كارونلا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق دې-يەلەيتتى، مەن ئىچىمدە: «يارايسەن، كارون!» دېدىم.

بىراق، كۇچلۇك ھەم ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان فرانسى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ، ناگىنى تىللىدى، ئۇ قەستەن كارونىنىڭ چىشىغا تېگىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن كارون ئاچچىقىدا سەكرەپ بېرىپ فرانسىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، بىرنەچچە مۇشت سالدى، فرانسى يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا يېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ناگىنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالمىدى. مۇئەللىم بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئورنىنى يېڭىۋاشتىن رەتلەپ، ناگىنى كا-رونىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ناگى كارونىنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا تايىناتتى، خۇددى سايىدەك، ئۇنىڭدىن ئايرىل-مايتتى.

بەزىدە ناگىنىڭ ئوقۇش سايمانلىرى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، كارون دەرھال ئېلىپ بېرەتتى. ھەر كۈنى مەك-تەپتىن يانغىچە ناگىنىڭ قەلەم ۋە دەپتەرلىرىنى يى-غىشتۇرۇپ بوغچىسىغا سېلىپ بېرەتتى، يەنە تېخى

چاپىنىنمۇ كىيگۈزۈپ قويانتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئانىلاردەك كۆيۈنەتتى.

ھەر قېتىم مۇئەللىم كاروننى ماختىغىنىدا، ناگېي گويا ئۆزىنى ماختاۋاتقاندەك خۇشال بولۇپ، تاتىراڭغۇ يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى.

كارون بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىتىۋېتىپ، شۇلارنى ئويلىدىم.

كارون ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. ناگېينىڭ ئانىسى ئىتتىك كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن كارونىنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ:

— سەن كارونمۇ؟ ئوغلۇمغا بەك ياخشى مۇئامىلە قىپسەن، ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېگىنىچە، يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ، ئېچىپ قاراپ بېقىپ يەنە سېلىپ قويدى، قارىغاندا، پۇل قاپچۇقىدا پۇل يوق ئوخشايدۇ. ئۇ بوينىدىكى كرېست شەكىللىك مېدالىيوننى ئېلىپ كارونىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

— بۇ زەنجىر ساڭا خاتىرە بولۇپ قالسۇن! — دېدى ئانا، — بۇ مەندەك بىر ئانا بولغۇچىنىڭ ئازراق كۆڭلى، تەڭرى ساڭا ھەردەم يار ـ يۆلەك بولغاي!...

— بۇ سەمىمىي مىننەتدارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىززا تارتقىنىدىن كارونىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

مەكتەپ مۇدىرى قولىنى كارۇننىڭ مۈرىسىگە قو-
يۇپ، كۈلۈمسىرىگەن هالدا:

— قوبۇل قىلىسالىڭ بولىدۇ، كارون، بۇ كرېستىنى
هەر قېتىم كۆرگىنىڭدە، شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق تۇي-
غۇسىغا چۆمىسەن. چوقۇم ئاجىزلارغا تېخىمۇ هېسداش-
لىق قىلىپ، ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم قىلالايسەن،
ئەلۋەتتە، بۇ هەم مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمى-
دىم! — دېدى.

كارون بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، تەزىم قىلىپ
يېنىپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ كارىدوردا ساقلاپ تۇرغىنىمنى
كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى ۋە:

— يۈرىكىم بەك سىلىپ كەتتى، — دېدى ئۇ، —
چوڭلار ئەزەلدىن ماڭا مۇنداق رەھمەت ئېيتىپ باقمى-
غان.... ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنىدا مونچاق-مونچاق تەر
تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

مەن ھەقىقەتەن خۇش بولۇپ كەتتىم! يېقىن دوس-
تۇم كىشىلەرنىڭ نەقەدەر ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى-
ھە!

بىز تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلدۇق، كارۇننىڭ
مەيدىسىدىكى كرېست قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. بۇ دەل
كارۇننىڭ قەيسەرلىكى ۋە ئالىيجاناب روھىنىڭ سىم-
ۋولى ئەمەسمۇ!

# كۆمۈر ساتقۇچى بىلەن مۆتىۋەر
## 7 ـ نويابىر، دۈشەنبە

بىزنىڭ سىنىپتا كارون، دەيلۇسقا ئوخشاش كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان باللار بار. ئادەمنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان يەنە بىر قىسىم باللارمۇ يوق ئەمەس.

نوبىس شۇنداق بالا. ئۇ دادىسىنى مەرتىۋىلىك ئادەم دەپ قاراپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئەسلىدە ئۇنداق ناچار ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئېگىز بويلۇق، قارا ساقاللىق، سالاپەتلىك بىر مۆتىۋەر ئىدى. ئۇ كۈندە ئوغلىنى ئۆزى مەكتەپكە ئەكىلىپ قوياتتى.

تۈنۈگۈن ئەتىگەندە نوبىس بېتى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى، بېتى سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ۋىجىك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كۆمۈر ساتاتتى. نوبىس ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ئاچچىقىدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

ــ سەن قانچىلىك نېمىتىڭ، سېنىڭ داداڭ بىر قەلەندەرغۇ! ــ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان بېتىنىڭ يۈزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، يىغلىۋەتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۆيىگە قايتقاندا ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي، بۇ گەپنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ دادىسىمۇ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.

بۈگۈن دەرستىن بۇرۇن ئۇ ئالايىتەن ئوغلى بىلەن مەكتەپكە كېلىپ، بۇ ئىشنى مۇئەللىمگە ئېيتتى. كۆمۈر ساتقۇچى ئوغلىنى تارتىپ تۇرۇپ مۇنبەردە تۇرغان مۇئەللىمگە بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى، ھەممىمىز جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدۇق. دەل شۇ چاغدا نوبىسنىڭ دادىسى ئوغلىنى مەكتەپكە ئەكەلدى، ئۇ ئادىتى بويىچە ئوغلىنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇۋېتىپ، بىرسىنىڭ نوبىسنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، مۇئەللىمدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا:

— نوبىس بۇ ئەپەندىنىڭ ئوغلىنى «سېنىڭ دادائڭ قەلەندەر» دەپ تىللاپتۇ، بۇ ئەپەندى ماڭا شۇ ئىشنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ، — دېدى.

نوبىسنىڭ دادىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، يۈزى قىزاردى، ئۇ ئوغلىغا:

— سەن نېمىدەپ مۇنداق ئەدەپسىزلەرچە گەپنى قىلىسەن ـ ھە! — دەپ كايىدى.

نوبىس يەرگە قارىدى، قورققىنىدىن ئۈنىنىمۇ چىقىرالمىدى.

دادىسى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ بىتىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، ناھايىتى قاتتىق قىلىپ: «تېز ئۇ- نىڭدىن ئەپۇ سورا!» دېدى.

كۆمۈر ساتقۇچىنىڭ ساددا چىرايىدا شۇ ھامان ئەن- سىزلىك ئەكس ئەتتى، ئۇ كۆمۈر يۇقى قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە:

— ھاجىتى يوق، كىچىك بالا ئەمەسمۇ، بولدى، ئەپۇ سوراش ھاجەتسىز! — دېدى.


لېكىن نوبىسنىڭ دادىسى بۇ ئىشنى بولدى قىل- مىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ:

— ئىتتىك ئەپۇ سورا! «سېنىڭ داداڭنى بولمىغۇر گەپ بىلەن ھاقارەتلىدىم، سېنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن! مېنى كەچۈرگىن، دادامنىڭ سېنىڭ داداڭ بىلەن قول ئېلىشىشىغا رۇخسەت قىلغىن» دېگىن! تېز بول! — دېدى.

— بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى كۆمۈر ساتقۇچى تەمتىرەپ. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئارقىغا شوخ- شىدى، نوبىسنىڭ دادىسى بولسا، ئوغلىنى كەچۈرۈم سوراشقا قىستايتتى.

نوبىس بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قىزارغىنىچە بوش ئاۋازدا:

— مەن ... سېنىڭ داداڭنى ئىنتايىن بولمىغۇر گەپ بىلەن ... ھاقارەتلىدىم. ... مەن سېنىڭدىن ئەپۇ



سورايمەن!... مېنى كەچۈرگىن. ئەمدى دادامنىڭ سېنىڭ داداڭ بىلەن قول ئېلىشىشىغا رۇخسەت قىلغىن! — دېدى.

نوبىسنىڭ دادىسى دەرھال قولىنى ئۇزىتىپ، كۆمۈر ساتقۇچىنىڭ قاپقارا قوللىرىنى چىڭ سىقتى، ئاندىن ئوغلىنى بېتىنىڭ يېنىغا ئىتتىردى، ئىككى بالا قۇچاقلاشتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بىر يەردە ئولتۇرسۇن، بولامدۇ؟ — دېدى مۆتىۋەر يەنە مۇئەللىمگە قاراپ.

مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ ماقۇل بولدى. نوبىسنىڭ دادىسى ئىككى بالىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، بېتىنىڭ دادىسى ۋە مۇئەللىمگە تەزىم قىلىپ خوشلاشتى.

— بالىلىرىم، بۈگۈنكى ئىشنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، — دېدى مۇئەللىم، — بۇ مۇشۇ ئوقۇش يىلىدىكى ئەڭ ياخشى بىر دەرس.

## كىچىك سودىگەر

### 1 ـ دېكابىر، پەيشەنبە

مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ بالىلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشۈم ئۈچۈن، دادام سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمنى

ئۆيگە تەكلىپ قىلىشىمنى ياكى ساۋاقداشلىرىمنىڭكىگە بېرىپ ئوينىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى.

بۈگۈن كاروپى بىزنىڭكىگە كەلمەكچى ئىدى. ئۇ بىر مىلىچماللار سودىگىرىنىڭ بالىسى بولۇپ، ناھايىتى غەلىتە مىجەزى بار ئىدى. ئۇ دائىم يانچۇقىغا پۇل سېلىپ يۈرەتتى ۋە ئىچى پۇشسىلا قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ كىشىلەرگە بىلىندۈرمەي پۇللىرىنى ساناپ تۇراتتى. ئۇ ھەرقانداق كۆپەيتىش ئەمىلىنى كەررە جەدۋىلىگە قارىمايلا ئىشلىيەلەيتتى. كاروپى پۇلىنى مەكتەپنىڭ بانكىسىغا قوياتتى، ئادەتتە بىرەر تىيىنىنى خەجلەشكىمۇ كۆزى قىيمايتتى، بىرەر تال تەڭگىسى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتسە، بىرەر ھەپتە ۋاقىت كەتسىمۇ، ئۇنى تاپماي قويمايتتى. ئۇ دائىم: «پۇل دېگەننى ئاز ـ ئازدىن يىغىدىغان گەپ» دەيتتى.

كاروپى بۇزۇلغان قەلەم، كونا ماركا، ئىلگەك، شام پىلىكى قاتارلىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىۋېلىپ ساقلايتتى. ئۇنىڭ ماركا يىغىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ماركىلىرى بار ئىدى، نەچچە يۈز ماركا ئۇنىڭ چوڭ بىر ماركا توپلىمىغا چاپلاقلىق ئىدى. توشۇپ كەتكەن ماركا توپلىمىنى ئۇ كىتابخانىغا سېتىپ بېرەتتى. ئۇ كىتابخانىدىن دەپتەر ئالسا، خوجايىن ئۇنىڭغا

دەپتەرنى ىسكارغا بىرەتتى، چۈنكى ئۇ دائىم ساۋاقداشلارنى كىتابخانىغا بىرنەرسە ئېلىشقا باشلاپ باراتتى.

كاروپى يەنە مەكتەپتە سودىمۇ قىلاتتى، باللارغا چەك تارتقۇزاتتى، بىرنەرسىلەرنى تېگىشەتتى، تېگىشىپ بولغان نەرسىلەرنى پۇشايمان قىلىپ يەنە قايتۇرۇۋالاتتى، ئىككى تەڭگىگە ئالغان نەرسىنى جەزمەن تۆت تەڭگىگە ساتاتتى، كونا گېزىتلەرنى تاماكا دۇكىنىغا سېتىپمۇ پۇل تاپاتتى.

ئۇنىڭ بىر كىچىك خاتىرە دەپتىرى بولۇپ، ئۇس-تىگە پۇتۇن ئېلىم-سېتىم ئەھۋالىنى تىزىملايتتى. مەكتەپتە ئۇ ھېساب دەرسىدىن باشقا دەرسلەرگە قىزىق-مايتتى.

كاروپى مانا شۇنداق غەلىتە بالا ئىدى، لېكىن مەن ئۇنى ئۆچ كۆرمەيتتىم، ئۇ دېگەن سودىگەرنىڭ بالىسى، سودا قىلىشنى ياخشى كۆرسىمۇ ھېچقىسى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئادەم ئالدىمايدۇ، پايدا ئېلىشنىلا ئويلايدۇ، شۇ.

بۈگۈن ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئىك-كىمىز شېكەر سودىسى قىلىش ئويۇنى ئوينىدۇق. ئۇ ماگىزىندىكى ماللارنىڭ باھاسىنى پىششىق بىلەتتى، تارازا ئىشلىتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ خۇددى ماگىزىندىكى مال ساتقۇچىغا ئوخشاش قەغەزنى ناھايىتى تېز ھەم

چىرايلىق قاتلاپ، ئۈچ بۇرجەكلىك خالتا قىلالايتتى.

— باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سودا قىلىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا.

مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە پارچە چەت ئەل پوچتا ماركىسىنى سوۋغا قىلىۋېدىم، ئۇ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى:

— بۇنى 10 تەڭگىگە ساتقىلى بولىدۇ، پاھ! ماۋۇ بەك قىممەت! ئاز دېگەندە 50 تەڭگىگە يارايدۇ! سەن بۇلارنى ماڭا راستىنلا بىكارغا بېرەمسەن؟ ياخشىسى، يەنىلا ئازراق پۇل چىقىرىپ سېتىۋالاي.

ئۇ ماڭا بەك كۆلكىلىك تۇيۇلدى.

دادام ئاۋۇ ياقتا گېزىت كۆرۈۋاتاتتى، كاروپىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىنىڭ ھېلىقى چوڭ ماركا توپلىمىڭ توشاي دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئاز قالدى، — دېدى ئۇ، — توشقان بولسا بەك ياخشى بولاتتى! خېلى پۇلغا ساتاتتىم، ھە - راست، مەن دەرھال قايتىپ بېرىپ بۇ ماركىلارنىمۇ چاپلايچۇ!

ئۇ شۇنداق دەپلا خۇشال ھالدا كېتىپ قالدى.

— قىزىق بالىكەن، — بۇ! — دېدى دادام.

ساۋاقداشلار ئۇنى ياقتۇرمايتتى، بېخىل، پۇلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ، يەنە تېخى جازانىخورلۇق قىلىپ باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ...دەپ ئەيىبلىشەتتى.

— سەن ئۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى دادام مەندىن.

— مېنىڭچە، كاروپى ئالاھىدە بىر بالا، ئۇ چوڭلارلا كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ، — دېدىم مەن.

— شۇنداق، باشقىلارغا ئالدىراپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇ سودا قىلىشقىلا قىزىقىسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، تۈز بالىدەك قىلىدۇ، — دېدى دادام چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

## قار پومزىكى ۋەقەسى

## 16 ـ دېكابىر، جۈمە

قار توختىماي يېغىۋاتقىلى بىر ھەپتە بولدى. ھەممە يەر كۈمۈش رەڭ دۇنياغا ئايلاندى. قار بىزگە چەكسىز شادلىق ئېلىپ كەلدى. لېكىن بۈگۈن قار پومزىكى ئېتىشىش سەۋەبىدىن، بىر ۋەقە يۈز بەردى.

چوڭ كوچىدا نۇرغۇن باللار قار پومزىكى ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى، قار پومزەكلىرى كىشىلەرنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى، ئۇلار خۇددى تاش-تەك قاتتىق ئىدى.

— قار ئېتىشماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۆتىۋەر، — توختاڭلار، بۇ بەك خەتەرلىك!

مۆتىۋەرنىڭ ئاۋازى ئەمدىلا توختىشىغا، «ۋايجان!» دەپ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

نېرىراقتا بىر بوۋاي ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، قاردا سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

چوڭلار ۋە باللار يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئۇنى ئورۇ-ۋېلىشتى، كارون بىلەن ئىككىمىز كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتتۇق.

بوۋاينىڭ كۆزى يارىلانغانىدى.

— كىم ئاتتى؟ كىم!

ساقچىلار ئادەملەر ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مې-ڭىپ يۈرۈپ، ھەربىر بالىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قا-رايتتى.

كاروپى مېنىڭ يېنىمدا ئىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تىترەشكە باشلىدى.

— كىم؟ كىم ئاتتى!

بەش ـ ئالتە ئادەم غەزەپ بىلەن ۋارقىراشتى.

بۇ چاغدا كارون كاروپىغا ئاستاغىنا:

— ئىتتىك بىرىپ ئىقرار قىلغىن! ئەگەر خاتالىقنى يوشۇرۇپ ئېيتمىساڭ، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسەن! ... دېدى.

— بىراق، مەن قەستەن قىلمىغان تۇرسام! — دېدى كاروپى.

ئۇ خۇددى ياپراقتەك تىترەيتتى، ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

— قەستەن قىلمىغان بولساڭمۇ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەككقۇ! ئىقرار قىلامسەن ـ يوق!

— بىراق ... مەن ...

— جازالىنىشتىن قورقۇۋاتامسەن؟ ئوغۇل بالا دېگەن خاتالىقنى ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. مەن سەن بىلەن بىللە بارىمەن.

بۇ چاغدا، ساقچىلار يەنە تۇۋلاشقا باشلىدى:

— كىم قىلدى؟ قاراڭلار، كۆزەينەكنى سۇنۇپ كىتىپتۇ، ئەينەك پارچىلىرى كۆز قارىچۇقىنى زەخىملەندۈرگەن بولسا، بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، پومزەك ئاتقان ئادەم نېمىدېگەن قەبىھ ـ ھە! قورقىنىدىن كاروپىنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— تازىمۇ بىر نېمىكەنسەن، كەل، مەن بىر ئامال قىلاي.

كارون كاروپىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى خۇددى ئاغرىقنى يۆلىگەندەك يۆلەپ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.

— مۇشۇ شۇمتەك ئىكەن ـ دە! نېمىدېگەن ئەسكى بالا بۇ، شۇنداقمۇ شوخلۇق قىلغان بارمۇ!

بىرنەچچە ئادەم مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇر-ماقچى بولدى:

كارون كاروپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— سىلەر چوڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تونۇغان بىر كىچىك بالىنى ئۇرۇشقا يۈزۈڭلار قانداق چىدايدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

چوڭلار قوللىرىنى چۈشۈرۈشتى.

ساقچىلار كاروپىنى يېتىلەپ، شۇ جايدىكى بىر دۇكانغا ئېلىپ كىردى. يارىلانغان بوۋاينى كىشىلەر شۇ يەرگە ئەكىرىپ قويغانىدى.

بۇ بوۋاي بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى، بىلىشىمچە، ئۇ بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقتا ياتاتتى، ئۇ كۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— مەن ... مەن قەستەن قىلمىدىم ... مېنى كە-چۈرۈڭ، دادا! — دېدى كاروپى تىترەپ تۇرۇپ، كېكەچ-لىگىنىچە.

— سەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئەپەندىدىن ئەپۇ سو-
را! — دېدى ئىككى - ئۈچ ئەر كىشى ۋە شۇنداق دېگە-
نىچە كاروپىنى ئالدىغا ئىتتىردى.

شۇ چاغدا بىرسى كاروپىنى يۆلەپ تۇرۇپ، يۇقىرى
ئاۋازدا:

— ئەپەندىلەر، كىچىك بالىغا بۇنداق مۇئامىلە
قىلساڭلار بولمايدۇ، — دېدى.

بۇ، بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرىمىز ئىدى.

— بۇ بالا خاتالىقىنى تونۇغان ئىكەن، ھېچكىمنىڭ
ئۇنى يەنە ئىزا تارتقۇزۇشقا ھەققى يوق!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك سۈكۈتكە چۆمدى.

— كاروپى، بوۋايدىن رەسمىي كەچۈرۈم سورىغىن!

كاروپى بوۋاينىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، پاكىتىدە
يىغلىۋەتتى.

— ئوبدان بالام، ھېچقىسى يوق، قورقمىغىن! —
دېدى بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ.

— بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خەتەرلىك ئو-
يۇننى ئوينىما! ئۆيۈڭگە كەتكىن! — دېدى ساقچىلار.

— بۇمۇ مېنىڭ ياخشى باشقۇرمىغىنىمدىن بولدى،
ئەپۇ قىلغايسىز! — دېدى مەكتەپ مۇدىرىمۇ كەمتەرلىك
بىلەن بوۋايدىن كەچۈرۈم سوراپ.

— نەدىكىنى! ھاجىتى يوق، ھاجىتى يوق! — دەيتتى

بوۋاي قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

كارون بىلەن ئىككىمىزمۇ كىشىلەر توپىدىن چىقىپ ئۆيلىرىمىزگە كەتتۇق.

— ئالىخ، ناۋادا سەن شۇنداق ئىشقا يولۇقساڭ، خاتالىقىڭنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى كەچتە دادام بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— جۈرئەت قىلالايمەن. مەن جەزمەن دەرھال كەچۈرۈم سورايمەن!

— ناھايىتى ياخشى، ئوغۇل بالا دېگەندە، شۇنداق جاسارەت بولۇشى كېرەك!

## بوۋاينى يوقلاش

### 18 ـ دېكابىر، يەكشەنبە

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.

— ئالىخ، — دېدى دادام ماڭا، — ئىككىمىز بىللە ئۆلۈشكۈن يارىلانغان ھېلىقى بوۋاينى يوقلاپ چىقايلى، ئۇنىڭ كۆزى قانداق بولدىكىن.

بوۋاينىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا بولۇپ، قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۆيگە كىرىپ بىردەمدىن كېيىن ئاندىن مەن بوۋاينىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، بىر كۆزى تېڭىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. كارىۋاتنىڭ يېنىدا ياشانغان بىر

خانىم ئۇلتۇراتتى، بىر بۇلۇڭدا ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى بىر بالا يالغۇز ئويناۋاتاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ جىيەن ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. بىزنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ كىرگىنىمىزدىن بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى ۋە بىزگە كۆزىنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، كۆرمەس بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— ياخشى بوپتۇ، ھېلىمۇ تەلىيىڭىز بار ئىكەن! — دېدى دادام.

— ئۇ كۈنى شۇنداق بىر كېلىشمەسلىك بولدى، ھېلىقى بالىمۇ قەستەن قىلمىغان، ھەممىيلەن ئۇنى ئەيىبلەپ كەتتى بىچارىنى قورقۇتۇپ، ئويلىسام ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى بوۋاي ۋە ماڭا قاراپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بالام! ئۇ سېنىڭ ساۋاقدىشىڭغۇ دەيمەن، ئۇنىڭغا، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ يېقىندا پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويغىن، ئۇ ئەنسىرىمىسۇن.

شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى بېسىلدى.

— دوختۇر كەلدىغۇ دەيمەن، — دېدى بوۋاينىڭ ئايالى. بىز بىئەپ بولمىسۇن دەپ، ئىچىگە كىرىپ

كەتتۇق.

بوۋاينىڭ ئايالى ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتە كاروپى تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھوي! بۇ ھېلىقى بالىكەنغۇ، — دېدى بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن، — كىرگىن، بىچارە بالام! ئالاھەدە مېنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ؟ خاتىرجەم بول، مەن خېلى ياخشى، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن.

كاروپى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇھ دې- دى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى - يۇ، يەنە يەرگە قارىۋالدى، ئۇ يەنىلا ھودۇقۇپ تۇراتتى.

— يېقىنراق كەلگىن! — دېدى بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، كاروپى بىردىنلا بىئارام بولۇپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت! بېرىپ ئا- تا - ئاناڭغا مېنى ياخشى بولۇپ قاپتۇ دېگىن، ئۇلار خا- تىرجەم بولسۇن! — دېدى بوۋاي كاروپىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن.

بىراق كاروپى كەتمەي، ئىككىلىنىپ تۇراتتى، بىرەر گېپى باردەك، لېكىن ئېيتالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن بىرنەرسىنى ئالدى - دە، ئىشىك تۈۋىدە ئويناۋاتقان بالىغا بەردى.

— بۇنى ساڭا سوۋغا قىلاي، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا ۋە شۇ هامان ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

بالا قەغەزگە ئورالغان ئۇ نەرسىنى بوۋايغا بەردى. بوۋاي ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «سوۋغا» دېگەن خەتنى كۆردى ۋە قەغەز بولاقنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى.

بۇ كاروپى يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يىغقان، جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ماركا توپلىمى ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئېلىپ، بوۋايدىن ئۆز گۇناھىنى تىلەپ كەلگەنىدى.

مەن بەك تەسىرلىنىپ كەتتىم ۋە بوۋايغا بۇ ماركا توپلىمىنىڭ ئىشىنى ئېيتىپ بەردىم.

بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلەندى، ئۇزاققىچە ئۇ-لۇغ - كىچىك تىنىدى.

— ئالىيجاناب! كاروپىنى ئاق كۆڭۈل، تۈز بالا دېمىدىمـمۇ، خاتالاشمىغاندىمەن! — دېدى دادام كېتىۋاتقاچ يەنىلا بۇرۇنقى گېپىنى تەكرارلاپ.

## قايتىپ كەلگەن ماركا توپلىمى

### 21 - دېكابىر، چارشەنبە

ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى كاروپى غەمكىن ۋە مەيۇس يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئويلىمىغان يەردىن، بۈگۈن ھېلىقى بوۋاي ماركا توپلىمىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ ئەۋەتە ؛ ھەمدە توپلامغا يەنە ناھايىتى قىممەتلىك ئۈچ پوچتا ماركىسى چاپلاپ قويۇپتۇ. بۇ ئۈچ ماركىنى كاروپى ئۇزۇندىن بېرى ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەندى.

شۇڭا كاروپىنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئازراق پاراكەندە بولدى.

— ئالىخ! مەن بۇ سوۋغىنى ئېلىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن! — دېدى ئۇ.

— ئالغىن، ئۇ بوۋاي بۇنى ساڭا چىن كۆڭلىدىن سوۋغا قىلغان.

— راست دەيسەن، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ماركا توپلىمىنى ھەرگىز ساتمايمەن، چۈنكى بۇ ناھايىتى قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمى.

كاروپى ماركا توپلىمىنى چىڭ قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ يۈزىدە مەستخۇشلارچە شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى.

## دادىسىغا ھەمدەم بولۇش

## 26 ـ دېكابىر، دۈشەنبە

مۇئەللىم ھەر ئايدا بىرنەچچە بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنىڭ

ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۈگۈن بىر نامرات ئۆسمۈرنىڭ دادىسىغا ھەمدەم بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى.

ھۆرىيە 4 ـ يىللىقتىكى ئۆگىنىشتە ئەلاچى ئوقۇ-غۇچى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈريول ئىشچىسى بولۇپ، كىرىمى ئاز، جان سانى جىق بولغاچقا، تۇرمۇشى ناھا-يىتى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى.

ھۆرىيەنىڭ دادىسى ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقى-غان بولسىمۇ، ئېغىر يۈك ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتقانىدى. ئۇ كۈندۈزى تۆمۈريولدا ئىشلىسە، ئاخشاملىرى ماتېرى-يال كۆچۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپاتتى، كۈندە يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى.

ئۇ يېقىندا بىر ژۇرنالنىڭ مۇشتەرىلەر تىزىملى-كىنى كۆچۈرۈۋاتاتتى، بۇنى باسمىچە كۆچۈرۈش كېرەك بولغاچقا ناھايىتى جاپالىق ئىدى، ھەر 500 مۇشتەرىنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرسە، ئاران ئۈچ لىرا تاپاتتى.

ئۇ ھەر ئاخشىمى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆچۈرگەچكە، كۆزى ئازراق تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

ھۆرىيە دادىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— دادا، مەن كۆچۈرۈشۈپ بېرەي، سىز ئۇخلىۋې-لىڭ، — دېدى.

لېكىن دادىسى قەتئىي ئۇنىمىدى.

— سەن ياخشى ئوقۇساڭلا بولدى، تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەپ بولۇپ، بېرىپ يات، قانغۇدەك ئۇخلىۋالمىساڭ، ئەتىكى دەرسىڭگە تەسىر يېتىدۇ.

ھۇرىيە دادىسىنىڭ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا قايتا يالۋۇرمىدى. لېكىن كۆڭلىدە كەچتە كارىۋاتقا چىققاندا: «دادام بىزنى دەپ كېچە-كۈندۈز ئىشلەۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايتتى.

ھۇرىيە دادىسىغا ياردەم بېرەلەيدىغان ياخشى بىر ئامالنى تاپتى.

بىر كۈنى كېچىسى دادىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ھۇرىيە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دادىسى خەت كۆچۈرىدىغان ئۆيگە كىردى-دە، چىراغنى يېقىپ، ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ پۈچېركىسىغا ئوخشىتىپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى.

قىش كېچىسى ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، بىردەمدىلا ئۇنىڭ قوللىرى توڭلاپ كەتتى، ئۇ بىردەم-بىردەم ئالىقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەيتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاپئاق ھور خۇددى تۇماندەك، قەلەمنى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى.

ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا دادىسىنىڭ خورىكىگە قۇلاق

سىلىپ، خاتىرجەم بولۇپ كۆچۈرۈشنى داۋاملاشتۇراتتى.

جەمئىي 160 مۇشتەرىنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۈپ بولغاندا، ئۇ: «بىر لىرالىق ئىشلەپتىمەن، بۇگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن» دەپ ئۆيىگە كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دادىسىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولدى، ناشتا ۋاقتىدا ئۇ خۇشال ھالدا:

— ھۇرىيە! ئاخشام بەك ئىتتىك كۆچۈرۈپتىمەن، بايا ساناپ باقسام، ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن 160 ى ئارتۇق چىقتى! — دېدى.

ھۇرىيەنىڭ دادىسى دائىم ئاخشىمى كۆچۈرگەنلىرىنى ئەتىسى سانايتتى، شۇڭا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى. ھۇرىيە دادىسىغا بىلىندۇرمىگىنى ئۈچۈن، ئىچىدە ناھايىتى خۇش بولدى.

ئۇ، كۈندە دادىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن كۆچۈرەتتى، كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ كۆچۈرگەنلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

بىراق، كېچىلەپ ئۇخلىماي ئىشلەش، بىر كىچىك بالا ئۈچۈن تولىمۇ جاپالىق ئىدى. باشتا ئۇنىڭ ئۆيقۇسى قانمىغاچقا، ئەتىسى روھسىز يۈرىدىغان، ئاخشىمى دەرس تەكرارلىغاندا ئۇگدەپ قالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاخىر بىر كۈنى، ھۇرىيە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

— ھۆرىيە! — دەپ توۋلىدى دادىسى ئۇنىڭ يەلكە-
سىنى بوش سىلىكىپ، — نېمىشقا كۆڭۈل قويۇپ ئۆ-
گىنىش قىلمايسەن!

ھۆرىيە چۆچۈپ ئويغىنىپلا، كىتابنى ئېلىپ ئو-
قۇشقا باشلىدى. دادىسى ئۇنىڭ خامۇش ئەپتىگە قاراپ
ناھايىتى خاپا بولۇپ، تۇنجى قېتىم قاتتىق ئاۋازدا:

— يېقىنىدىن بېرى نېمە بولدۇڭ؟ ئۆگىنىشكە ئاز-
راقمۇ تىرىشىپ قويمايسەن، تېخى ئۆگدەپلا ئولتۇرىسەن،
ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان بوپقالدىڭمۇ - يا؟—دېدى.

ھۆرىيە يەرگە قاراپ، گەپ قىلماي تۇراتتى.

— تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ بولامدۇ؟ داداڭنىڭ نېمە
ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلەۋاتقىنىنى بىلىدىغان ۋاق-
تىڭ بولۇپ قالدى ، بالىلارنىڭ چوڭ تۇرۇپ مۇشۇنداق
قىلساڭ قانچىلىك ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقىمنى بىلەم-
سەن؟

ھۆرىيە ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق قاتتىق
ئەيىبلىنىۋاتاتتى. ئۇ بەك ئازابلاندى.

— مېنى كەچۈرۈڭ دادا، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم
تىرىشىپ ئوقۇيمەن.

شۇ كۈنى دادىسى ژۇرنال رېداكسىيىسىدىن قەلەم
ھەققى ئالدى، كەچتە ئۇ ئۆيگە خۇشال قايتىپ كېلىپ:

— ئاڭلاڭلار، كۆپچىلىك! بۇ ئايدا ئۆتكەن ئايدىكىدىن 32 لىرانى جىق تاپتىم! — دېدى ـ دە، بىر خالتا كەمپۈتنى ئۈستەلگە قويدى، بۇ، ئۇنىڭ ئۆز نەتىجىسىنى تەبرىكلىشى ئىدى.

هۆرىيەنىڭ ئىنى ـ سىڭىللىرى خۇشال بولۇپ كېتىشتى، ئانىسىمۇ قوللىرىنى پەشتامىسىغا ئېرتقان پېتى ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى.

هۆرىيەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كەمپۈتمۇ گېلىدىن ئۆتمىدى.

«بىچارە دادام ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلىمىز ئۈچۈن يەنە داۋاملىق ئىشلىشىم كېرەك»دەپ ئويلىدى ئۇ.

هەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

هۆرىيەنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇ قانچە غەيرەت قىلسىمۇ، بېشى ئېغىرلىشىپ، ئەسنەك بېسىپلا تۇراتتى، دەرسلەردە چېكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

دادىسى ئۇنىڭ دائىم ئېزىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقلاندى.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دادىسى هۆرىيەنىڭ ئۈگدەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى ۋە ئاچچىقىدا هۆرىيەنىڭ مۈرىسىگە بىرنى سالدى.

— هۆرىيە! — دېدى ئۇ ئازابلانغان هالدا يىغلاپ تۇرۇپ، — هېچقايسى بالا سېنىڭدەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان بىغەرەز ئەمەستۇ، سەن ئاللـ-
قاچان 12 ياشقا كىردىڭ، ئۆينىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈچـ-
لىكىڭ بارغۇ سىنىڭ! مەن قېرىپ قالدىم، سېنىڭ
بالدۇرراق چوڭ بولۇپ، پۇل تېپىپ بۇ ئۆينى بېقىـ-
شىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن سەن بەك ھۇرۇن بو-
لۇپ كەتتىڭ. كۈپكۈندۈزدە ئۇخلاپ ئولتۇرساڭ، يەنە
نېمە ئىشنى باشقا ئىلىپ چىقالايتتىڭ، ئويلاپ باققىنا،
بۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولماي تۇرالايمەنمۇ؟

دادىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ھۆرىيە كۆز ياشلىرىنى ئاران توختىتىۋېلىپ، دەر-
دىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بارغانسېرى تا-
تىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئانىسى ئەنسىرەشكە
باشلىدى.

— ھۆرىيە! بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ بالام؟

— نەرى ئاغرىسۇن، ھۇرۇنلۇق كېسىلى، شۇ! بۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، — دېدى دادىسى
ۋە شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۆرۈلۈپ ئۆز ئىشىغا
كىرىشىپ كەتتى.

دادىسىنىڭ سۆزى ھۆرىيەنىڭ يۈرىكىگە خۇددى پى-
چاقتەك سانجىلدى، ئۇنىڭ دىلى قاتتىق ئازار يېدى،
ئىلگىرى ئۆزىگە شۇنچە كۆيۈنىدىغان دادىسىنىڭ ئەمدى
ئۇنىڭ بىلەن كارى يوقكەن، ئىلگىرى بىرەر قېتىم



يۆتىلىپ قويىسمۇ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ھېلى دوختۇرغا، ھېلى دورىغا چاپىدىغان دادىسى ئەمدى بولسا، «ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق» دەۋاتىدۇ، قارىغاندا دادىسى ئۇنىڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

شۇلارنى ئويلاپ ھۆرىيە تىترەپ كەتتى. لېكىن چارچىغىنىدىن بېلىنىمۇ رۇسلىيالمايۋاتقان دادىسىغا قاراپ، ئۇ يەنە داۋاملىق ئىشلەش قارارىغا كەلدى.

— بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ ئادەتتە كۆچۈرگىنىمنىڭ يېرىمىنى كۆچۈرەي، شۇنىڭدا تېنىممۇ بۇنچىلىك ئاجىزلاپ كەتمەس، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

سائەت 12 بولدى. ھۆرىيە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۈستەل ئالدىغا كەلدى. تو- يۇقسىز توپلەنگەن قېلىن مۇشتەرىلەر تىزىملىكى پا- لاقىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاپلا، دادام ئويغىنىپ كېتەرمۇ؟

ھۆرىيەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۆيدىكىلەر ئويغىنىپ كەتمىدى، ئۇلار شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئىتتىك كۆچۈرۈشكە باشلىدى.

تالادىن ئات ھارۋىسىنىڭ ئاۋازى كېلىپ، يەنە يى- راقلاپ كەتتى.

كېچە جىمجىت، پەقەت قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە

شىرتىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

ھۇرىيە كۆچۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دادىسىنىڭ قاچانلاردا ئۇنىڭ ئارقىسىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى تۇيمىغاندى. دادىسىنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى:

— بىچارە بالام! ئەسلىدە سەن ماڭا ئىشلىشىپ بېرىشىپتىپسەن ئەمەسمۇ!

ئۇ، چەكسىز پۇشايمان ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىنى قۇچاقلىدى. ھۇرىيە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسى ئىكەن.

— ھۇرىيە، داداڭدىن نەپرەتلىنەمسەن؟

— دادا، مېنى كەچۈرۈڭ! — دېدى ھۇرىيە ۋە شۇ زامان ئۆزىنى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ۋە كۆز ياشلىرىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. دادىسى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ كارىۋىتىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويدى ۋە يىغىدىن بوغۇلغان ئاۋازدا:

— سۆيۈملۈك ئوغلىمىزنى سۆيۈپ قويۇڭ! بىچارە بالام، ئۈچ ئايدىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىماي، ماڭا يوشۇرۇن ياردەم قىلىۋېتىپتۇ، مەن تېخى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، توختىماي ئۇنى ھۇرۇن دەپ ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن.

ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ ھۇرىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزىگە توختىماي سۆيدى.

— بولدى، ئۇ ئەمدى تېزرەك ئۇخلىسۇن!

دادىسى ھۆرىيەنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىچىك كارىۋىتىغا ئاستا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ياستۇقىنى تۈزەپ، ئەدىيالنى يېپىپ قويدى.

— رەھمەت دادا، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى ھۆرىيە قايتا ـ قايتا، — ئىتتىك ئارام ئېلىڭ!

دادىسى ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سىياھ يۇقۇپ كەتكەن كىچىككىنە قوللىرىنى سىلىدى.

ھۆرىيە بەك ھېرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۇيقۇغا — ناھايىتى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

## دۈت قۇش بالدۇر ئۇچىدۇ

## 28 ـ دېكابىر، چارشەنبە

بۈگۈن بىر ئىش سىنىپنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ستاردىنىڭ مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسى ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، ئۇ دەيلوستىنلا كېيىن تۇراتتى.

— بۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئوقۇش باشلانغان كۈنى ستاردىنى مەكتەپكە دادىسى ئېلىپ كېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىغا: «بۇ

بالا ناھايىتى دۆت، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ناچار، مۇئەللىمنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى سوراي-مەن!» دېگەننىدى.

شۇ چاغدا ستاردنىڭ بۇگۈنكىدەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنى كىممۇ ئويلىغان!

ئۆز ۋاقتىدا باللار ئارقىدىن ئۇنى «ھاڭۋاقتى»، «دۆت» دېيىشكەنىدى.

بىراق ستارد «دۆت قۇش بالدۇر ئۇچىدۇ» غانلىقىدەك قائىدىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۆيىدىمۇ، مەك-تەپتىمۇ كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ ھەر ۋاقىت ئاغزىنى يۇمۇپ، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگكەن پېتى توختىماي ئۆگەندى، ئۇ خۇددى كالىغا ئوخشاش ئىنتايىن چىدامىلىق، تۆگىدەك قەيسەر ۋە قەتئىي ئىدى، ئۆگىنىشتىكى غەيرىتى ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى.

باشقىلار زاڭلىق قىلسا، چىشىغا تەگسە پەرۋامۇ قىلمايتتى، توختىماي ئۆگىنىشنىلا بىلەتتى. ئاخىر ئۇ ئىككىنچى بولۇپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

ئۇ ھەرگىزمۇ ئېرىمەيدىغان تاش ئەمەس، لېكىن تاشقا ئوخشاش چىدامىلىق ئىدى.

ئۇ قەتئىي ئىرادىسى بىلەن باشقىلاردىن ئېشىپ

كەتتى، بەلكى سىنىپتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇ-
نەۋۋەر ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى.

باشتا ئۇ ھېسابنى پەقەت بىلمەيتتى، ماقالىمۇ يا-
زالمايتتى، بولۇپمۇ تېكىست يادلاش ئۇنىڭ ئۇچۇن تې-
خىمۇ تەس ئىدى، مۇئەللىم قانچە قېتىملاپ ئۆگەتسىمۇ،
زادىلا يادلاپ بېرەلمەيتتى.

بىراق، ھازىر ئەھۋال زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئەڭ
قىيىن مەسىلىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس،
ماقالىنىمۇ ياخشى يازىدۇ، تېكىستلەرنى سۇدەك يادلاپ
بېرەلەيدۇ.

— ئۇ ئۆگىنىشتە ئالغا بېسىشتا، خۇددى بىر جەڭ
كېمىسىگە ئوخشايدۇ، — دەيتتى ھېچقاچان باشقىلارنى
ماختاپ باقمايدىغان كارونمۇ ھەيران بولغان ھالدا.

ئۇ ھېچقانداق جايدا ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيتتى،
كونا گېزىت بولامدۇ، تىياتىرخانىنىڭ ئېلانى بولامدۇ،
ئىشقىلىپ خەت يېزىلغانلىكى نەرسىلەرنى ئوقۇيتتى.

ئۇ تېجىگەن پۇللىرىغا كىتاب ئالاتتى. ئاڭلىسام،
ئۇنىڭ بىر كىچىك كۇتۇپخانىسى بار ئىكەن، تېخى بىر
كۈنى ئۇ ماڭا كىتابلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.

ئۇ سىنىپتا كۆپ سۆزلىمەيتتى، دائىم ئېڭىكىنى
تىرەپ، مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىگە
پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالاتتى.

ئەنە شۇنداق قىبتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئاخىر شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.

ـــستاردتەك باللار كەم ئۇچرايدۇ، بۇ بىزگە پەقەت تىرىشقاندىلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق-لۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ــ دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭغا مېدال تاقاۋېتىپ.

بىز مەكتەپتىن يېنىپ، مەكتەپ دارۋازىسىدىن چىقىشىمىزغا ستاردنىڭ دادىسى ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇ پاكار، سېمىز بىر ئادەم ئىدى، ئاۋازى ناھايىتى بوم چىقاتتى.

ـــ تاقىۋالغىنىڭ كىمنىڭ مېدالى؟ ــ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ئۇ.

ــ دادا، بۇ ئۆزۈم ئالغان مېدال!

ــ يالغان ئېيتما! سەن تېخى مېدال ئالالىغۇدەك بولدۇڭما؟

دادىسىنىڭ بۇنىڭغا پەقەت ئىشەنگۈسى كەلمىدى، مۇئەللىم ئۇنىڭغا بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئوغ-لىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ بالامنىڭ بۇنچىلىك يارامىلىق ئادەم بولۇپ كې-تىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن! ــ دېدى.

## ستاردىنىڭ كۈتۈپخانىسى
## 18 ـ يانۋار، يەكشەنبە

بۈگۈن، ستارد مېنى ئۆزىنىڭ كىچىك كۈتۈپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن سەھەردىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.

ئۇنىڭ كۈتۈپخانىسىغا بەكمۇ ھەۋىسىم كەلدى.

— دادام ئانچە جىق پۇل بېرەلمەيدۇ، شۇڭا جىق كىتابلارنى ئالالمايمەن! — دېدى ستارد، — پەقەت ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنىلا ئالىمەن، سىلەرنىڭ شاراپىتىڭلار ياخشى، قانچىلىك كىتاب ئالىمەن دېسەڭلار، شۇنچىلىكنى ئالالايسىلەر.

ئەمەلىيەتتە، بۇ جەھەتتە ئۇ ھەممىدىن ياخشى ئىدى. دەرسلىك كىتابلار ياكى تۇغقانلىرى سوۋغا قىلغان كىتابلار بولسۇن، ھەممىسىنى ياخشى ساقلىغانىدى. ئۇ قولىغا پۇل كىرسىلا كىتاب ئالاتتى، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ كىتابلىرى مېنىڭكىدىن خېلى جىق بولۇپ، مېنىڭ كىتابلىرىمدىنمۇ ياخشى ساقلانغانىدى.

ستاردىنىڭ كىتابقا شۇنچە ئامراقلىقىدىن دادىسى تولىمۇ سۆيۈنەتتى، ئۇ ستاردقا ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان بىر كىتاب جازىسى ئېلىپ بەرگەنىدى، كىتاب

جازىسىدىكى ئىنچىكە شوينىنى بىرلا تارتسىڭىز، يې-
شىل رەڭلىك پەردە ئىككى ياققا قايرىلىپ، ئۈچ رەت
تىزىلغان كىتابلار كۆرۈنەتتى.

كىتابلار ناھايىتى رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ ئومۇرتقىسىدىكى ئالتۇن رەڭ خەتلەر يالتىراپ تۇ-
راتتى، كىتاب جازىسىدا چۆچەكلەر، ساياھەت خاتىرىلى-
رى، شېئىرلار توپلىمى ۋە رەسىملىك كىتابلار بار ئى-
دى، رەڭلىرىمۇ ناھايىتى ماس ھالدا تىزىلغان بولۇپ،
ئاق تاشلىقلىرى قىزىل تاشلىقلىرىنىڭ يېنىغا، سېرىق
تاشلىقلىرى قارا تاشلىقلىرىنىڭ يېنىغا، كۆك تاشلىق-
لىرى ئاق تاشلىقلىرىغا يانداشتۇرۇپ تىزىلغان، يىراق-
تىن قارىسا، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— مەن دائىم كىتابلارنى ئۆزگەرتىپ تىزىمەن، قا-
رىساڭ خۇددى باشقا كىتابلارغا ئالماشتۇرۇپ قويۇلغاندەك
كۆرۈنىدۇ، — دېدى ستارد ۋە ئۆزى تۈزگەن كىتابلار
مۇندەرىجىسىنى ماڭا كۆرسەتتى.

ئۇ خۇددى كۇتۇپخانا خادىمىغا ئوخشاش، كىتابلارنى
بىر ـ بىردىن ئاستا ئالدى، ئاندىن كۆزلىرىنى قىسىپ
تۇرۇپ پۈۋلىدى. كىتابلار ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەر-
سىسى ئىدى.

بىردەمدە بىر سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ ماڭا كى-
تابتىن باشقا ھېچنېمىسىنى كۆرسەتمىدى، بىز ھەم

باشقا ئويۇنمۇ ئوينىمىدۇق.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى كىرىپ، ئوغلىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، بوم ئاۋازدا ماڭا:

— سېنىڭچە بۇ قانداقراق؟ بۇ دۆت بولغىنى بىلەن غەيرەتلىك، كەلگۈسىدە چوڭراق بىرەر ئىش قىلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ستارد خۇددى ئەركىلىتىلگەن ئوۋ ئىتىغا ئوخشاش كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇراتتى، دادىسىنىڭ تىمەن، سىمىز ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى سىلىشى ئۇنىڭغا راھەت بەخش ئەتتى.

ستارد ئەزەلدىنلا كەم سۆز ئىدى. بىز بۈگۈنمۇ ئانچە جىق گەپ قىلىشمىدۇق، لېكىن مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

— ستارد بەك ئەقىللىقمۇ ئەمەس، بەك چىرايلىقمۇ ئەمەس، لېكىن نېمىشقىدۇر، مەن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم، — دېدىم مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادامغا، — بۈگۈن ئۇ ئۆيىدە ماڭا ئويۇنچۇقلىرىنىمۇ كۆرسەتمىدى، مەن بىلەنمۇ ئوينىمىدى، ھەتتا بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى، بىراق مېنىڭ يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغۇم كېلىدۇ.

— ھىم، بۇ سېنىڭ ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقىڭدىن

بولسا كىرەك،ــ دېدى دادام،ــ ئۇ، دوست بولۇشقا ئەرزىيدىغان بالا.

## ۋاپادارلىق

## 11 ـ يانۋار، چارشەنبە

بۈگۈن مەشىق دەرسى ۋاقتىدا، مۇئەللىم پانكسنىڭ يېرىمى كۆيۈپ كەتكەن مەشىق دەپتىرىنى كۆرۈپ:

ــ نېمانچە بۇنداق قىلىۋەتتىڭ! بۇنى ئۆزۈڭ كۆيدۈرۈۋەتمىگەنسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆزۈم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوتقا چۈشۈرۈۋەتتىم ......

پانكس تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ:

ــ كەچۈرۈڭ مۇئەللىم،ــ دېدى ئۇ يەنە پاشا غىڭشىغاندەك ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دولىسىغا بوش ئۇرۇپ:

ــ ھېچقىسى يوق! سېنى ئەيىبلىمەيمەن....مەن ساڭا بىر يېڭى دەپتەر سوۋغا قىلاي،ــ دېدى ـ دە، ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دەپتىرى ھاراقكەش دادىسى ئاخشام يەنە مەست بولۇپ قېلىپ، ئۈستەلدىكى كىرسىن چىراغنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكەندە كۆيۈپ كەتكەندى. بۇ ئىش مۇئەللىمگىمۇ ئايان ئىدى.

پانكسلار بىزنىڭ قوشنىمىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى مەن ئوبدان بىلەتتىم. ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا تۆمۈرچى ئىدى، بىراق ھاراقكەش بولۇپ، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايتتى، ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى. شۇڭا، پانكس دائىم ئاچ قورساق مەكتەپكە كېلەتتى.

لېكىن ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك ئىدى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى پەقەت بىلىندۈرمەيتتى ۋە ئەزەلدىن باشقىلارغا دادىسىنى دادلاپ يۈرمەيتتى.

ئۇ كىتابلارنى باشقىلاردىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئۆگىنەتتى. بىر دەپتەرنى ئىككى قېتىم ئىشلىتەتتى. بىرىنچى قېتىم دەپتەرگە قېرىنداش بىلەن خەت يازسا، ئىككىنچى قېتىم ئۆچۈرۈۋېتىپ، سىياھ قەلەم بىلەن يازاتتى.

پانكس ساپلا دادىسىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كېيەتتى، چاپىنىنىڭ يەڭلىرى يېرىمىغىچە تۈرۈلگەنىدى، ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى ۋە پاشنىسى ئۇپراپ كەتكەن يوغان ئاياغنى كىيىپ يۈرەتتى.

لېكىن بۇ بۇلارنى كۆڭلىگە ئالمايتتى، پەقەت ئۇ ئۆگىنىشنىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ شارائىتى ياخشىراق بولغان بولسا، ئۇ ئۆگىنىشتە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، ھازىرمۇ ئۇ پەقەت دەيلۇسنىڭلا

ئارقىسىدا ئىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دادىسى ھەر قېتىم مەست بولۇپ قالسىلا، ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇرۇپ ـ تېپەتتى، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يەرگە ئاتاتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ مەڭزىگە بەش بارماقنىڭ ئىزى چىقىپ قالغان، كۆزلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى.

— ئۇ سېنى يەنە ئۇرۇپتۇ ـ ھە؟ — دەپ سورىدى بىر ساۋاقداش ئۇنىڭدىن.

— ئۇنداق ئىش يوق، مېنىڭ دادام ئۇنداق ئادەم ئەمەس، ئۇ ماڭا ئامراق، مېنى ئەزەلدىن ئۇرمايدۇ، — دېدى پانكىس ئاچچىقىدا قىزىرىپ، پەس ئاۋازدا.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن تاراملاپ ئاقتى.

ئۆزى دائىم ئازار يەپ تۇرۇقلۇق دادىسىنى يەنە ئاقلاۋاتىدۇ، بۇ نېمىدېگەن ۋاپادار بالا ـ ھە!

2 ـ سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا مەن ئاستا ئۇنىڭغا قارىدىم، — ئۇ بېشىنى جوزىغا قويۇپ يىغلاۋاتقان ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراۋاتقىنىمنى سېزىپ، كۆز ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

مەن ئۇنىڭغا بەك ھېسداشلىق قىلىمەن، ئەتە مەن ئۇنى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىپ پېچىنە بىلەن مېھمان قىلىمەن، ئۇنىڭغا كىتاب سوۋغا قىلىمەن، يەنە تېخى يانچۇقلىرىنى مېۋە ـ چېۋە بىلەن توشقۇزۇۋېتىمەن. ئۇ-

نىڭ بىرەر قېتىم خۇشال بولۇپ كۈلگىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. پانكس نېمىدېگەن ئاجىز، نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن قەيسەر ـ ھە!

## پەۋقۇلئاددە مېدال
## 4 ـ فېۋرال، شەنبە

بۈگۈن مەكتەپ قۇرۇلغان كۈن. ھەر يىلىسىدىكىگە ئوخشاش، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۈگۈنمۇ مۇپەتتىشىنى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا مېدال تارقىتىش ئۈچۈن مەكتەپكە ئەۋەتىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، دەيلۇس 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، بىراق كىم 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشەر؟

ئەتىگەندە ساۋاقداشلار كۆرۈشۈپلا مۇشۇ ئىشنى قىياس قىلىشىپ كەتتى.

ئۇزۇن تەبرىك سۆزلىرى تۈگەپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى كۈنتەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىردا مۇكاپاتلاشلا قالدى.

كۆپچىلىك روھلىنىپ كېتىشتى.

مەكتەپ مۇدىرى بۇرۇت قويۇۋالغان بىر مۆتىۋەرنى

مۇنبەرگە باشلاپ چىقتى. شەكسىزكى، بۇ مۇپەتتىش ئىدى.

ھەممىمىز دىققەت بىلەن مۇنبەرگە تىكىلدۇق.

مۇكاپات تارقىتىش باشلاندى. ھەربىر سىنىپ بويىچە 1 ـ ۋە 2 ـ بولغان ئىككى نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى ئۆز رېتىگە بىنائەن مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى، مۇپەتتىش ھەر قېتىم مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن مېدال تاقىدى.

بىز ھەر قېتىم قىزغىن ئالقىش ياڭراتتۇق.

نۆۋەت بىزنىڭ سىنىپقا كەلدى. ئويلىغىنىمىزدەك، دەيلۇس 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كارون ماڭا: «2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتنى كىم ئالار؟» دەپ پىچىرلاپ تۇرۇشىغا، مۇپەتتىش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— پانكسقا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلىدۇ! — دېدى.

— ئەسلىدە ئۇ ئىكەندە! — كۆپچىلىك ھۆرمەت نەزىرى بىلەن پانكسقا قاراشتى.

پانكس بولسا خۇددى قېتىپ قالغاندەك، ئورنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ھاڭۋېقىپ كۆپچىلىككە قاراپ تۇراتتى.

— پانكس، ئالدىغا چىق! — دەپ ۋارقىرىدى مەكتەپ مۇدىرى.

شۇ چاغدىلا پانكس ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئەندىككەن هالدا مۇنبەر ئالدىغا كەلدى.

مۇپەتتىش ئۇنىڭغا مېدال تاقاۋېتىپ، ئۇنىڭ ياماق سېلىنغان ھەم دەل كەلمىگەن كىيىملىرىگە، تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن:

— ساۋاقداش پانكس، بۇگۈنكى مېدال سېنىڭ ئۆ-گىنىش نەتىجەڭنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئە-مەس، ئاساسلىقى سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭ ئۈچۈن بېرىلدى، — دېدى.

پانكسنىڭ گېلىغا خۇددى بىرنېمە تۇرۇپ قالغان-دەك، تارتىنغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مىننەتدارلىق ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

بىز ئالقىش ياڭراتتۇق، ئالقانلىرىمىز قىزىرىپ كەتكۈچە چاۋاك چالدۇق.

مۇكاپات تارقىتىلىپ بولدى. ھەممىمىز رەتلىك تىزىلىپ، مۇپەتتىشنى مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇق. كۈتۈلمىگەندە، پانكسنىڭ دادىسىمۇ دەل شۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ مەستلىكتىن ئۆرە تۇ-رالماي، دەرۋازىغا يۆلىنىۋالغانىدى.

مەكتەپ مۇدىرى مۇپەتتىشكە ئۇنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ مەست پانكسنىڭ دادىسى بولىدۇ، ئوغلى بەك تىرىشچان، ئەخلاقىمۇ، ئۆگىنىشىمۇ ياخشى. دا-دىسىنىڭ ھالى بولسا ئەنە شۇنچىلىك، ئەگەر ئۇ ھاراقنى

ئازراق ئىچكەن بولسا، پانكىسنىڭ ئىپادىسى بۇ-
نىڭدىنمۇ ياخشى بولار ئىدى، — دېدى.

مۇپەتتىش پانكىسنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنى يېتەكلەپ
دادىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

پانكىس ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى.

مۇپەتتىش تۆمۈرچىنىڭ دولىسىغا قېقىپ، «ھەي!
ھەي!» دەپ چاقىردى.

— كىم ئۇ؟ ... نېمە بولدى؟!

ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

— پانكىس ئەپەندى!

— مېنى پانكىس ئەپەندى دەۋاتقان كىم ئۇ؟

— مەن مۇپەتتىش بولىمەن، سىز ئۇچۇن ناھايىتى
خۇشالمەن. ئوغلىڭىز سىنىپتىكى 54 ئوقۇغۇچى ئىچىدە
ئىككىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى! ئۇ ئەخلاق-پەزىلەت ۋە
ئۆگىنىشتە ئەلاچى، كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق ئادەم
بولىدۇ، مۇشۇنداق ياخشى ئوغلىڭىز بولغاچقا، سىز نا-
ھايىتى بەختلىك ئىكەنسىز! مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن،
پانكىس ئەپەندىم!

تۆمۈرچىنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

ئۇ ئەتراپىقا ئەلەڭلەپ قارايتتى، مەستلىكى تېخى
يېشىلمىگەنىدى.

— نېمە دەيسىز؟

— ئوغلىڭىز 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشـ
تى! — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ.

شۇ چاغدىلا تۆمۈرچى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشـ
نى كۆتۈرۈپ، دەلدەڭشىگەن پېتى ئالدىغا ماڭدى.

مۇپەتتىش پانكىسنىڭ دۇمبىسىدىن ئاستا ئىتتىرـ
ۋىدى، پانكىس دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

تۆمۈرچى ھەيران بولۇپ ئېڭىشىپ، بىردە ئوغلىغا،
بىردە ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى مېدالغا قارايتتى، خېلىدىن
كېيىن ئۇ ئاندىن تۇيۇقسىز روھلىنىپ:

— يارايسەن، ئوغلۇم! مېدال ئاپسەن! — دېدى.

— ئوغلىڭىز ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغانـ
لىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ ئاساسلىقى ناھايىتى ۋاپادار
بالا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى، — دېدى مۇپەتتىش
سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا.

— ئۇ بەك ۋاپادار...

تۆمۈرچى مۇپەتتىشنىڭ سۆزىنى چۈشەندى. ئۇ خىـ
جىللىق ئىچىدە، مېھرىبانلىق بىلەن بىردىنلا ئوغلىنى
قۇچاقلىۋالدى:

— مەن يارىماس، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن!

ئۇ ساقال باسقان مەينەت يۈزىنى ئوغلىنىڭ يۇمران
مەڭزىگە چىڭ ياقتى.

پانكىس ئېسەدەپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى

مىدال تۆمۈرچىنىڭ كۈچلۈك يەلكىسى ئۈستىدە يالتى-
راپ تۇراتتى.

## ئائىلە مەخپىيىتى
## 17 ـ فېۋال، جۈمە

تۈنۈگۈن دادام مېنى ماكارى شەھەر ئەتراپى رايونى-
دىكى داچىنى كۆرگىلى ئېلىپ باردى. بىز يازلىق تە-
تىلدە شۇ جايدا تۇرماقچى ئىدۇق، ئۆيلىمىغان يەردىن
گلوس ئائىلىسىنىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قالدىم.

داچىنىڭ ئاچقۇچى كەنتتىكى بىر ئوقۇتقۇچىدا ئى-
دى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىز ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان بىر
ياغاچ سىياھ قۇتىسىنىڭ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغانلىقى-
نى كۆردۇق.

ھېلىقى ئوقۇتقۇچى مېنىڭ سىياھ قۇتىسىغا قى-
زىقىپ قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

— بۇ سىياھ قۇتىسى مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممە-
مەتلىك، بۇ ھەققە بىر ھېكايىمۇ بار تېخى! — دېدى ۋە
بۇ ھېكايىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى:

بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرىكى بىر قىشتا، مەن دو-
رىنو شەھىرىدىكى بىر تۈرمىدە مەھبۇسلارغا دەرس
ئۆتكەنىدىم.

مەن دەرسنى كارىدوردا ئۆتەتتىم، مەھبۇسلار كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى كامېرلىرىنىڭ دېرىزە تەكچىلىرىگە قويۇپ ئۆگىنەتتى. مەھبۇسلار ئىچىدە 78 ـ نومۇرلۇق بىر مەھبۇس ھەممىدىن بەك تىرىشچان ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتسەم، ئۇ ھامان ئېھتىرام بىلەن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

ئۇ قارا ساقاللىق بىر ياش بولۇپ، يامان ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر بەختسىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، بىرلا يېرى مىجەزى بەك قوپال ئىدى. بىر قېتىم خوجايىنىنىڭ بوزەك قىلىشىغا چىدىماي، ئاچچىقىدا رەندىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ، ئۆيلىمىغان يەردىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىكەن.

دادام ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

نېمىشقىدۇر يادىمغا گلوس كېلىپ قالدى. گلوسمۇ ئۆتكەندە ئاپىسىنى ھاقارەتلىگەن بالىغا غەزەپلىنىپ سىياھ قۇتىسىنى ئاتقان ئىدى.

ئۇ بىردەملىك ئاچچىقىغا پايلىماي قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. ساقچىلار ئەينەن ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن يېنىكلىتىپ جازا بېرىپ، ئۇنى يەتتە يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

ئۇ ئەسلىدە خەت تونۇمايتتى، مېنىڭ ئۆگىتىشىم بىلەن ئاستا-ئاستا كىتاب ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى ئۆگەندى. ئۆزىمۇ مۇلايىملىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— مېنى ئەتە باشقا تۈرمىگە يۆتكەيدۇ، سىزنىڭ تەربىيىڭىزدە مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋە ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىۋالدىم. سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن. مۇئەللىم، مەن سىز بىلەن قول سىقىشىۋالسام بولامدۇ؟

مەن كۈلۈپ تۇرۇپ قولۇمنى تۆمۈر رېشاتكىدىن تىقتىم، ئۇ قولۇمنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ يېنىشلاپ سۆيدى. ئىسسىق ياشلىرىدىن قولۇم ھۆل بولۇپ كەتتى.

بەش-ئالتە يىلدىن كېيىن، مەن ئۇنتۇپ كېتەيا دەپ قالغان ئۇ بەختسىز ئادەمنىڭ ئالدىنقى كۈنى تۇ يۇقسىزلا بۇ يەرگە كېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

— مۇئەللىم! مەن ھېلىقى 78-نومۇرلۇق مەھبۇس بولىمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مەن سىنچىلاپ قارىدىم، ھەقىقەتەن شۇ ئىدى. بىراق ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان بولۇپ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

— مۇئەللىم! بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا سىز ماڭا
رس بەرگەن، مەن تۇنۇگۇن تۇرمىدىن چىقتىم، بۈگۈن
لاھىدە سىزنى يوقلاپ كېلىشىم. بۇنى سىزگە بېرەي،
اتىرە بولۇپ قالسۇن! بۇ مېنىڭ ئازراق كۆڭلۈم، —
دى ئۇ ۋە بىرنەرسىنى چىقاردى. ئۇ دەل مۇشۇ سىياھ
ۇتىسى ئىدى.

مەن قاتتىق تەسىرلىنىپ گەپمۇ قىلالمىدىم. ئۇ
ىنى مەھبۇسنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىشنى خالىمىدى،
ەپ ئويلاپ قالدى بولغاي!

— مەن بۇنى تۇرمىدە ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ
ويۇپ چىققان ...مەن تۇرمە ئازابىغا چىداپ، ئادەم بو-
ۇشنى ئۆگەندىم. مېنىڭ بۇ قولۇم ئەمدى جىنايەتلىك
ول بولمىسا كېرەك؟ — دېدى ئۇ.

مەن سىياھ قۇتىسىنى دەرھال قولۇمغا ئالدىم
ەمدە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتىم.

ئۇ بەكلا خۇشال بولدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى
اغاچچى بولىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈردى.

مەن شۇ چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ باق-
ىغاندىم.

—بۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ئىكەن! ئۇ
ەقىقىي بىر ياخشى ئادەم ئىكەن، — دېدى دادام ماختاپ.

مەن سىياھ قۇتىسىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتىم،

سىياھ قۇتىسىدىكى ئىزلاردىن قارىغاندا، مىخ بىلەن ئويۇپ ياسالغاندەك قىلاتتى، ئۇنى ئويۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى! سىياھ قۇتىسىنىڭ ئېغىزىغا دەپتەر ئۈستىگە قويۇلغان قەلەمنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئەتراپىغا: «ئۇستاز مېھرى چىقماس مەڭگۇ ئەستىن، 78 ـ نومۇرلۇق مەھەببۇستىن تەقدىم» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان، ئاستىغا يەنە كىچىك قىلىپ «ئۆگىنىش ۋە ئۈمىد» دېگەن خەتلەرمۇ ئويۇلغانىدى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مۇئەللىمنىڭ ھېكايىسى خىيالىمدىن كەتمىدى. تۈنۈگۈن بىر كۈن مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ ھېكايىسىنى ئويلاپ چىقتىم. كېچىدە تېخى بىر مەھبۇسنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىدە جىنايىتىگە توۋا قىلىش ھېسسىياتى بىلەن، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، بىر تال مىخ بىلەن سىياھ قۇتىسى ئويۇۋاتقانلىقىنى چۈشەپتىمەن!

بۈگۈن مەن مەيداندا بۇ ئىشنى دەيلۇسقا سۆزلەپ بەردىم. دەيلۇسنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى ـ دە، مېنى بىر ياققا تارتىپ:

—بۇ گەپلەرنى باشقىلارغا دېمىگەنسەن؟ ھەرگىز دېمىگىن جۇمۇ! — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

—نېمىشقا؟

—سەن تېخى بىلمەمسەن؟ ئۇلۇشكۇن گىلوسنىڭ

دېيىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئامېرىكا قىتئەسىدىن قايتىپ كەپتۇ، ئۇ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادىسى قايتىپ كېلىپ ئەتىسى تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن بىر سىياھ قۇتىسىنى ئېلىپ، نەگىدۇر بىر يەرگە بېرىپتۇ! ئۇ دېگەن سىياھ قۇتىسى بايا سەن دېگەن سىياھ قۇتىسى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن، ئۇنىڭغىمۇ قانداقتۇ «ئۇستاز مېھرى چىقماس مەڭگۈ ئەستىن» «ئۆگىنىش ۋە ئۈمىد» دېگەندەك خەتلەر ئويۇلغانمىش.

ھە! ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! ئۇنىڭ دادىسى ئامېرىكا قىتئەسىگە كەتكەن بولماستىن، بەلكى تۈرمىگە قامالغان ئىكەن ـ دە. بىراق بۇنى گلوس بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ.

ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بىر قېتىم ئانام بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ خۇددى دېگىلى بولمايدىغان بىر مەخپىيەتلىكى باردەك ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەندە.

— ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ بۇ مەخپىيەتلىكنى ھەرگىز گلوس بىلىپ قالمىسۇن!

— ئەلۋەتتە!

## تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا
## 18 ـ فېۋرال، شەنبە

مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەترا-

پىدا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئازراق پىرەنىك يې-
گەندىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن دادام بىلەن بىللە
پانكسىنىڭ دادىسىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا باردىم.

بىز قىزىق بازاردىن ئۆتۈپ بىر تار كوچىغا كىرد-
شىمىزگە، ئالدى تەرەپتىن «تاڭ ـ تۇڭ، تاڭ ـ تۇڭ»
قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بىز تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلسەك،
پانكس ئىشىك ئالدىدىكى بىر دۆۋە خىشنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرۇپ، تىزىغا كىتابنى يېيىۋېلىپ دەرس تەكرار
قىلىۋاتاتتى.

ئۇ بىزنى كۆرۈپ دەرھال خىش دۆۋىسىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ، خۇشال ھالدا سالام بەردى.

دۇكاننىڭ تاملىرى ئىستا قارىداپ كەتكەن بولۇپ،
سوقۇلۇپ بولغان تۈرلۈك نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇراتتى.
دۇكاننىڭ ئىچىگە بولقا ـ بازغان، تۆمۈر چىۋىق قاتارلىق
تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى قالايمىقان قويۇلغانىدى.

بۇلۇڭدىكى ئوچاقتا ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، بىر
شاگىرت بالا كۆيەك تارتىۋاتاتتى. پانكسىنىڭ دادىسى
بولقىنى تۇتۇپ سەندەلنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ بىزنى
كۆرۈپ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن:

— قارشى ئالىمىز! قارشى ئالىمىز! بۇ دائىم ئوغ-
لۇمغا ياردەم بېرىدىغان ھېلىقى ساۋاقدىشى ئەمەسمۇ؟

سىلەر ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار بالامغا بەك ئوبدان ياردەم قىلدىڭلار، نىمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟ — دېدى.

ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆلكە يېغىپ تۇراتتى. بۇرۇنقى سۇرلۇك نەزەر سېلىشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— مېنىڭ تۆمۈرنى قانداق سوقىدىغانلىقىمنى كۆرگۈڭ بارمۇ؟ ماقۇل، مەن هازىرلا ساڭا كۆرسىتەي!

شاگىرتلاردىن بىرى يوغان قىسقۇچ بىلەن قىپقىزىل قىزارغان بىر تال تۆمۈرنى ئوچاقتىن ئالدى. تۆمۈرچى ئوڭ قولىدا بولقا ئۇرۇپ، سول قولىدا قىزارغان تۆمۈرنى ئوڭغا ـ سولغا ئايلاندۇردى، ھېلىقى تۆمۈر بىردەمدىلا بۇرما شەكىللىك تۆمۈر تاياقچىگە ئايلاندى، ئۇ بالكونىنىڭ رېشاتكىسىغا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر تاياقچە ئىدى. مەن قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى!

پانكس كۆرەڭلىگەن هالدا بىزگە قاراپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ گويا: «قاراڭلار، مېنىڭ دادام نېمىدېگەن قابىلىيەتلىك ـ ھە!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— قارا، ئوغلۇم، بۇ پۈتتى، بولامدىكەن؟

— ھەئە، قاتتىق تۆمۈرنىمۇ يۇمشاق قىلىۋېتىدىكەنسىز! — دېدىم مەن قايىل بولغان هالدا.

— ناهايىتى ياخشى ياسىدىڭىز! دېمەك سىز بۇرۇندىكىدەكلا ئىشلەپ كېتىپسىز ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تازا

بىرىلىپ ئىشلەۋېتىپسىز! — دېدى دادام.

تۆمۈرچى بىرئاز ئوڭايسىزلاندى ۋە تەرىنى سۈرتۈپ، خىجىل بولغان ھالدا:

— ئىلگىرىكى ئىشلارنى دېمەيلا قويۇڭ، مەن تولىمۇ خىجىل! ھازىر ھاراق-شاراب دېگەننى چورت ئىچمەيمەن. ئەپەندىم، ماڭا بۇ غەيرەتنى كىم ئاتا قىلدى، بىلەمسىز؟

دادام بىلمىگەنگە سالدى. تۆمۈرچى ئالدىراپ ئوغلىنى كۆرسىتىپ:

— پۈتۈنلەي مۇشۇ بالامنىڭ تۆھپىسى دەڭا! دادا بولغۇچى مەن كۈن بويى ھاراق ئىچىپ يۈردۈم، لېكىن ئۇ تىرىشىپ ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ مېدالغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىمدا، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئوبدان بالام، بۇياققا كېلە، مەن ساڭا ئوبدان بىر قارىۋالاي! — دېدى.

پانكس يۈگۈرۈپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، تۆمۈرچى بالىسىنى كۆتۈرۈپ، سەندەلنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە:

—ئوبدان بالام، يۈزۈمنى سۈرتۈپ قويغىنا، — دېدى.

پانكس ھېچنېمىگە قارىماي دادىسىنىڭ قاپقارا مايلىشىپ كەتكەن يۈزىگە سۆيۈپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ يۈزىمۇ قاپقارا بولۇپ كەتتى.

— ئوماق ئوغلۇم! قوزام! — تۆمۈرچى خۇشال ھالدا

بالىسىنى كۆتۈرۈپ يەرگە قويدى.

مەن پانكىسنىڭ قارا يۇقۇپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. ئۇ ھازىر نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!

بىز قايتىدىغان چاغدا پانكىس يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر تۇتام مىخنى مېنىڭ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى.

يولدا كېتىۋېتىپ، دادام خورسىنغان ھالدا:

— ئۇ بالا دادىسىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى. سەن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان كىچىك پويىز ئالتۇندىن ياسالغان، ئىچىگە لىق ئۇنچە - مەرۋايىت قاچىلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى پانكىسنىڭ دادىسىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ يېڭى ئادەم قىلغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي بىر سوۋغاتتىنلا ئىبارەت! — دېدى.

## ئەما بالىلارنىڭ تۇرمۇشى

### 23 - فېۋرال، پەيشەنبە

بىزنىڭ مۇئەللىمىمىز خېلىلا قاتتىق ئاغرىپ قالدى، شۇڭا مەكتەپ 5 - يىللىقنىڭ بىر مۇئەللىمىنى ئۇنىڭ ئورنىدا دەرس ئۆتۈشكە بەلگىلىدى. ئۇ بۇرۇن ئەما بالىلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ئىكەن. ئۇ مەكتەپ

بويىچە يېشى ئەڭ چوڭ مۇئەللىم بولۇپ، چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بىراق، سۆز قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك، بىلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى.

ئۇ سىنىپقا كىرىپلا، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر كۆ-زىنى لاتا بىلەن توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆيۈنگەن ھالدا نېمە بولغانلىقىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا:

—كۆزۈڭگە بەكمۇ ئېھتىيات قىلغىن، بالام،— دې-دى. بۇ چاغدا دەيلۇس مۇئەللىمدىن:

— مۇئەللىم، سىزنى ئەمالار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟— دەپ سورىدى.

—راست، بىرنەچچە يىل ئوقۇتقۇچى بولغان،—دېدى مۇئەللىم.

دەيلۇس يەنە پەس ئاۋاز بىلەن مۇئەللىمگە:

— بىزگە ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرسە-ڭىز بولامدۇ؟— دېدى.

مۇئەللىم مۇنبەرگە كېلىپ ئولتۇردى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا:

— مۇئەللىم، سۆزلەپ بېرىڭ!— دەپ چۇرقىراشتى.

— بولىدۇ،— دېدى مۇئەللىم،— سىلەر ئادەتتە دا-ئىم «ئەما، ئەما» دەيسىلەر، خۇددى كېسەللەرنىڭ، كەم-بەغەللەرنىڭ گېپىنى قىلغاندەكلا ئاددىي چاغلايسىلەر.

بىراق سىلەر «ئەما» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، «ئەما ئادەم» ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، كۆك ئاسماننى، قۇياشنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈ زۇلمەتلىك تۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭقۇر يەر ئاستىغا كۆمۈلگەندەك ھېس قىلىشىدۇ. سىلەر كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۆزۈڭلارنى مەڭگۈ مۇشۇنداق ياشايمىز، دەپ پەرەز قىلساڭلار، قانداق ھېس قىلىسىلەر؟

لېكىن، سىلەر ئەگەر ئەما باللار مەكتىپىگە بارساڭلار، ئۇ يەردىكى باللارنىڭ ھەر خىل سازلارنى چېلىۋاتقانلىقىنى، ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىقىنى، كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىلەر، ئۇلارنىڭ پەلەمپەيدىن ئىتتىك مېڭىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، كارىدور ۋە ياتاقلىرىدا ئەركىن، بىمالال مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىلەر. پەقەت ئۇلارنى تەپسىلىي كۆزەتكەن چېغىڭلاردىلا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى چۈشىنەلەيسىلەر.

مۇئەللىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزەينىكىنى ئېلىپ سۈرتتى.

سىنىپنىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەما باللارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاۋاتاتتى.

دەيلۇس توساتتىنلا:

— مۇئەللىم، ئەمالارنىڭ سىزىمى ئادەتتىكى ئادەم-
لەرنىڭكىدىن سەزگۈر دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تامامەن توغرا، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى كۆرەل-
مىگەچكە، باشقا سەزگۈ ئەزالىرى كۆزنىڭ رولىنى ئۆ-
تەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ سىزىمى ھەقىقەتەن ئادەتتىكى ئا-
دەملەرنىڭكىدىن سەزگۈر بولىدۇ.

مەسىلەن، تاڭ ئاتقاندا، ياتاقتىكى ئەما باللاردىن
بىرى «بۈگۈن ھاۋا ئوچۇقمۇ؟» دەپ سورايدۇ، يەنە بىر
بالا دەرھال يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ، قولىنى سوزۇپ
بوشلۇقتا پۇلاڭلىتىدۇ، ئۇ نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى سەز-
گەندىن كېيىن، دەرھال قايتىپ كىرىپ، «توغرا، بۈگۈن
ھاۋا ئوچۇق» دەيدۇ.

بىز ئادەتتە بىرەر ئادەمنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈ-
تىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ياكى يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى
بىلىمىز، ئەمالار ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپلا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئۇلارمۇ چەمبەر دۇگىلىتەلەيدۇ، كۆينەك تىزالايدۇ،
ئارغامچىدىن سەكرىيەلەيدۇ، گۈل تېرەلەيدۇ، ھەر خىل
چىغ - پاخاللاردىن چىرايلىق بورا ۋە سېۋەتلەرنى توقۇ-
يالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر جۈپ قولى ھەممىنى قىلالايدۇ.
بولۇپمۇ بارماقلىرىنىڭ سىزىمى ئالاھىدە سەزگۈر بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ كۆرۈش سىزىمىغا باراۋەر كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى — قولى بىلەن سىلاش ئارقىلىق نەرسىلەرنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېرىنى پەرق ئېتىش. سەن ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرسەڭ، ئۇ بېشىنى سىگايان قىلىۋېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ ھەممە يېقىنى سىلاپ، ئۇ نەرسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە شەكلىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەرىكەتلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە بېرىلىپ ئىشلەيدۇ.

— مۇئەللىم، ئەمالار خەتنى كۆرەلمىسە، كىتابنى قانداق ئوقۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى كاروپى گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۇلار كىتابنىمۇ قولى بىلەن سىلاپ ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى خەتلىرى تومپىيىپ چىققان ئەمالار يېزىقى بولۇپ، ئۇلار بۇ يېزىقنى ناھايىتى تېز ئوقۇيالايدۇ. ئۇلار ئوقۇپلا قالماي، يەنە يازالايدۇ، بىراق ئۇلار ئادەتتىكى قەلەمنى ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى يىڭنە بىلەن قاتتىق قەغەزگە تۆشۈك تېشىش ئارقىلىق خەت يازىدۇ، تۆشۈكچىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى يېزىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قاتتىق قەغەزگە تۆشۈكچە تەشكەندە، كەينى تەرەپ تومپىيىپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار قاتتىق قەغەزنى ئۆرۈپ، قولى بىلەن سىلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالايدۇ، ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ماقالە، سالام خەت يازالايدۇ، شۇنداقلا ھېساب ئىشلىيە-

لەيدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدە ھېسابلاش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى كۆرمىگەچكە، دىققىتىنى يىغالايدۇ. ئۇلار ئەما بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار-نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ نەتىجىسى سىلەرنىڭكىدىن ياخشى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئۇلارنى كۆرگىلى كەلسە، ئۇلار قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ يۈزىنى پېشانىسىدىن تارتىپ ئېڭەك، قۇلاقلىرىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن سىلاپ چىقىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ يۈز شەكلىنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر! بۇ خىل ھالەتنى كۆرگەندە، ئەت-راپتىكىلەر چىدىيالماي قالىدۇ.

سىلەر ئۇ يەردىن قايتىپ چىققىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلار-نىڭ كۆرەلەيدىغانلىقىڭلارنى بىر خىل ئىمتىياز دەپ ھېس قىلىسىلەر! بالىلىرىم، ھازىرقى بەختىڭلارنى قەدىرلەڭلار!

## كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت
## 8 ـ مارت، چارشەنبە

دەيلۇس گلوسىنىڭ دادىسىنىڭ تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆ-ڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا دائىم دەپتەر ـ

قەلەم ۋە قەغەز قاتارلىقلارنى بېرەتتى، ئۇنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەتتى.

ئۇلار ئىككىسى دائىم مەيداندا بىللە ئوينايتتى. دەيلۇسنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بۇرۇن گىلوسنى ياقتۇرمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايدىغان ساۋاقداشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايدىغان بولدى.

دەيلۇس سىنىپ باشلىقى، مەيلى دەرستە ياكى تەنتەربىيىدە بولسۇن، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. ئۇ سەمىمىي، قىزغىن بولغاچقا، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ نېمە قىلسا، كۆپچىلىكمۇ شۇنى قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ بۇرۇنقىدەكلا دەيلۇس، گىلوسلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن بىللە چىقتۇق.

مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ۋاقىتسىز قېرىپ كەتكەن بىر ئەر كىشى تۇراتتى.

ئۇ گىلوسنىڭ دادىسى ئىدى.

گىلوس ئېتىلىپ بېرىپ، دادىسى بىلەن گۇدۇڭ – گۇدۇڭ قىلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى ھەمدە قايتا – قايتا بىز تەرەپكە قارىدى.

مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن تۈرمىدىن چىققان ئادەم – دە!

بىراق، دەيلۇس ماڭا ئوخشىمايتتى، ئۇ دادىل قەدەم

بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، گىلوس بىلەن قول ئې-لىشىپ:

— خەير - خوش! — دېدى.

ئۇنىڭ دادىسى دەيلۇسقا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى. بەلكى ئۇ دەيلۇسنى ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولسا كېرەك.

— ساۋاقداش، سەن دەيلۇسقۇ دەيمەن؟ سەن دائىم ئوغلۇمغا ياردەم بېرىدىكەنسەن، مەن ساڭا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن! — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

دەيلۇس سەل كەينىگە داجىدى، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم بىلەن گەپ قىلىشقاندا، ئۇ ئەلۋەتتە ئازراق جىد-دىيلىشىدۇ - دە!

گىلوسنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، بېشىنى سەل ئېگىپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— سەن گىلوسنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەنسەن، لېكىن مېنى ياخشى كۆرۈشۈڭ ناتايىن، — دېدى.

دەيلۇس ھۇپپىدە قىزىرىپ، بېشىنى چايقىدى:

— مەن قانداقمۇ سىزنى ئۆچ كۆرەي؟ سىز ھازىر ياخشى ئادەم بولدىڭىزغۇ؟

دەيلۇس شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ گەپتە چاندۇ-رۇپ قويغانلىقىنى سەزدى.

گىلوسنىڭ دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چىرايى بىر-

دىنلا ئۆزگەردى ۋە تاتارغان ھالدا كەينىگە نەچچە قەدەم داجىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بايا دەي-لۇسنىڭ كېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك سىرىنى بىلىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرمامدۇ؟

دەيلۇس دەرھال ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سىز گلوسىنىڭ دادىسى، مەن گلوسىنى ياخشى كۆرىمەن، ئوخشاشلا سىزنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

گلوسىنىڭ دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

— ھەممەيلەن مېنى قورقۇنچلۇق دەپ قاراپ، مەن بىلەن يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ، پەقەت سەنلا...... سەن مېنى شۇنداق بىر خىل ھېسسىياتقا ئىگە قىلدىڭكى، پەرۋەردىگارىم سېنى ئەۋەتىش ئارقىلىق مېنى كەچۈرگەن ئوخشايدۇ، كۆڭلۈم خېلىلا يورۇپ قالدى. دەيلۇس، مەن ساڭا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك!

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا خۇشاللىققا چۆمدى.

ئۇ ئۆزى چىن كۆڭلىدىن ياخشى ئادەم بولۇشنى ئويلايتتى، باشقىلار ئۇنى كەمسىتەتتى، ئۇنىڭدىن گۇ-مانلىناتتى، ئەنسىرەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭقۇر ئا-زاب ئىچىدە يۈرەتتى.

ھازىر ئۇ دەيلۇسنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ ـ دە! چۈنكى، كىچىك بالىنىڭ گېپى ئەڭ سەمىمىي بولىدۇ.

ئۇ مەمنۇن بولغان ھالدا گىلوسنىڭ قولىنى تارتىپ ماڭدى، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بىزگە قاراپ قويدى.

كەچتە، مەن دادام بىلەن ئۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدىم، دادام ماڭا:

— دەيلۇس ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا مېھىر ـ شەپقەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد پەيدا بولىدۇ، ئۇ ياخشى ياغاچچى بولىدۇ، — دېدى.

## بىمەنە تالاش ـ تارتىش

## 20 ـ مارت دۈشەنبە

مەن بۈگۈن ياخشى دوستۇم كىرىچ بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم، ئويلاپ باقسام، بۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن!

جېدەل كىچىككىنە بىر ئىشتىن كېلىپ چىقتى:

ئىنشا يېزىش دەرسىدە، يېنىمدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان كىرىچ مېنىڭ قولۇمغا تېگىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قەلىمىمنىڭ سىياھى تېمىپ كېتىپ، خەت

يېزىۋاتقان دەپتىرىمنى بۇلغىۋەتتى.

شۇ هامان ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇنى تازا تىللىدىم.

كىرىچ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا شۇنچىۋالا خاپا بولىسەن؟ مەن قەستەن قىلمىغان تۇرسام، — دېدى.

ئۇنىڭ كۈلۈشى بىلەن ئاچچىقىم تېخىمۇ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

مۇئەللىم دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىققەت قىلمىغان بولۇپ، كىرىچنىڭ بىلىكىگە نوقۇۋەتتىم، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم تېيىلىپ، پۈتۈن بىر بەتنى بۇلغىۋەتتى.

— بۇ سېنىڭ قەستەن قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟

كىرىچ قىزىرىپ، مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈردى. دەل شۇ چاغدا مۇئەللىم ئۆرۈلۈپ بىز تەرەپكە قارىدى، كىرىچ ئاچچىقى بىلەن قولىنى چۈشۈرۈۋالدى ۋە قاپىقىنى تۈرۈپ:

— دەرستىن چۈشكەندە، مەن سېنى يولدا ساقلايمەن، — دېدى.

مەن قىلغىنىمغا ئازراق پۇشايمان قىلدىم. ئۇ ماڭا قەستەن تەگمىدى، مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماسلىقىم كېرەك ئىدى، مېنىڭ خاتا بولدى.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ مۈرىسى

يىرتىلىپ قالغان بولۇپ، ئۈستىگە كۆمۈر توپىسى ۋە توپا يۇقۇپ قالغانىدى، دېمەك ئۇ ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن چوڭلارغا ياردەملىشىپ، خېلى ئىش قىلىشىپ بەرگەن گەپ. كىرىچ ئوتۇن سودىگىرىنىڭ بالىسى بولۇپ، دائىم بىر تەرەپتىن چوڭلارغا ياردەملىشىپ ئوتۇن توشۇپ بېرەتتى، بىر تەرەپتىن تېكىست يادلايتتى، ئادەتتە ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بالا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولاي دەپ ئويلىدىم، بىراق پەقەت ئېغىز ئاچالمىدىم.

ئۇزۇن يىللىق دوستۇم بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن ئىشلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ ئوينايتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئوتۇن توشۇشۇپ بېرەتتىم. ... ئۇ نېمىدېگەن خۇشال چاغلار ـ ھە!

ئەگەر ئۇ ماڭا قارىغان چاغدا، مەن ئۇنىڭغا «مېنى كەچۈرگىن!» دېگەن بولسام، بەلكىم ھەممە ئىش تۈگىگەن بولار ئىدى. بىراق، مەن بۇنداق پۇرسەتنى بىرقانچە قېتىم قولدىن بېرىپ قويدۇم.

مۇئەللىمنىڭ نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكى پەقەت قۇلىقىمغا كىرمىدى، دەپتەرگە نېمىلەرنى يازغانلىقىمنىمۇ

بىلمەيمەن. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن ساۋاق- داشلىرىمدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، غىپپىدىلا تىكى- ۋەتتىم. چۈنكى، دادامنىڭ: «ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن سۈركىلىشىپ قالغاندا، ئالدىنى ئالغىنىكى، ھەرگىز ھۇجۇم قىلما» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە ئىدى. مەن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، قولۇمغا بىر سىركۇلنى ئېلىۋالدىم.

ئەمدىلا كوچا ئېغىزىغا كېلىشىمگە، كىرىچ توۋلى- غان پېتى كەينىمدىن يۈگۈرۈپ كەلدى، مەن دەرھال سىركۇلنى كۆتۈردۈم.

— ئۇنداق قىلما، ئالىخ! — دېدى كىرىچ بىر تەرەپ- تىن بىلىكى بىلەن بېشىنى توسۇپ، بىر تەرەپتىن كۇلۇمسىرىگەن ھالدا، — مەن سەن بىلەن ئۇرۇشمايمەن.

— سەن؟ — مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

— مەندىن ئۆتتى، مېنى كەچۈرگىن! — دېدى كى- رىچ بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا مەندىن ئەپۇ سوراپ.

خىجىلچىلىقتا يۈزلىرىم ئوت بولۇپ، قۇلاقلى- رىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم، قولۇممۇ سىركۇلنى كۆ- تۈرگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى.

— بىز ئەپلىشىپ قالايلى! — دېدى كىرىچ قولىنى مۇرەمگە قويۇپ.

— ئەسلىدە مەن توغرا قىلمىدىم، كىرىچ! — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ قولى شۇنداق قاتتىق ھەم ئىسسىق ئىدى.
مەن كۆڭلۈمدە ئىنتايىن خۇش بولدۇم. ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ، ئالغا قاراپ ماڭدۇق.

## دادامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
## 9 ـ ئاپرېل، يەكشەنبە

بۈگۈن ھەقىقەتەن خۇشال ئۆتكەن بىر كۈن بولدى.
مەن دادام بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ كوندوۋىغا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر ئوقۇتقۇچىسىنى يوقلاپ باردۇق.
ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى كىروسىي بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 60 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، تېخى يېقىندىلا پېنسىيىگە چىقىپتۇ. مائارىپ مىنىستىرلىقى ئۇنى مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان، دەپ تەقدىرلەپتۇ. يەنە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئوردېن تەقدىم قىپتۇ!
تۈنۈگۈنكى گېزىتكە ئالاھىدە ماۋزۇ بىلەن بۇ توغرىدا خەۋەر بېرىپتۇ. دادام بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ـ دە، ئۇنى يوقلاپ كېلىش قارارىغا كەلدى.
— ئالىخ، كىروسىي مۇئەللىم بۇ يىل 84 ياشقا كىرىپتۇ، بىلمىدىم، ئۇ قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟...
دادام شۇنداق دېدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ پويىزنىڭ

ئورۇندۇقىغا يۆلەنگىنىچە، كۆزىنى يۇمۇپ خىيالغا كەت-تى. مېنىڭچە ئۇ چوقۇم بالىلىق ۋاقتىدىكى ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى.

— مەن بۇ ئورۇندۇقنى يەنە كۆرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا 40 نەچچە يىل بولدى. ئۇنىڭ چىرايى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: بويى پاكار، ئازراق دومچەك، موماكىنىڭ ئېيتى-شىچە، ئۇ دائىم ئېگىلىپ تۇرۇپ كىچىك بالىلار بىلەن پاراڭلاشقاچقا، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دومچەك بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئورۇندۇقچىلارغا خۇددى ئۆز بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، خۇشخۇي مۇئامىلە قىلاتتى.

دادام سائەتكە قاراپ قويدى.

دادام پويىزنى ئاستا مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، تىت-تىت بولۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتى.

— ئورۇندۇقچىنىڭ مېنى تونۇماسلىقى مۇمكىن. مې-نىڭ تۇيۇقسىز ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى كۆرسە، چوقۇم ھەيران قالىدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى دادام كۆزىنى سەل قىسىپ، پەس ئاۋازدا.

ئۇ ئورۇندۇقچىنىڭ ئادىرىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئاسانلا تاپتۇق، ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا ئولتۇرى-دىكەن. بىز ئىككى تەرىپى يېشىل قاشالىق، ئەتراپتىن گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان،

گۇللۈكلەردە كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن يولنى بويلاپ، شۇ يەرگە قاراپ تېز - تېز ماڭدۇق.

— ھە، ئاشۇ شۇ! — دېدى دادام تۇيۇقسىز توختاپ ۋە:

— مۇئەللىم! — دەپ توۋلىدى.

ئۇ تەرەپتە ھاسىغا تايانغان، دۇمچەك، چاچ - ساقال-لىرى ئاپئاق ئاقارغان بىر بوۋاي بىز تەرەپكە قاراپ، دەلدەڭلەپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ پۇتى سەل ئاقسايتتى.

دادام ئىتتىك مېڭىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا باردى. بو-ۋايمۇ توختاپ، دادامغا تەئەججۇپ بىلەن سەپسېلىشقا باشلىدى.

يېقىن بېرىپ قارىسام، بوۋاينىڭ يۈزلىرىدىن قى-زىل نۇر يېغىپ تۇراتتى، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تېتىك بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— سىز كىروسىي مۇئەللىمغۇ دەيمەن؟ — دېدى دادام شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ.

— شۇنداق.

بوۋايمۇ قارا رەڭلىك، كەڭ گىرۋەكلىك سوكنا شلەپىسىنى بېشىدىن ئالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىتى-رەڭگۇ بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

— مەن سىزنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىڭىز بولىمەن،

قولىڭىزنى بەرسىڭىز، كۆرۈشۈۋالسام، — دېدى دادام قولىنى ئۇزىتىپ ۋە:

— مەن چورلىنىدىن ئالايىتەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى.

مۇئەللىم ھەيران بولۇپ، دادامغا قارىدى:

— رەھمەت سىزگە! — دېدى ئۇ، — سىز مېنىڭ قاچانقى ئوقۇغۇچۇم بولىسىز؟ كەچۈرۈڭ، ئىسمىڭىز......

— ئىسمىم بوكىنى، — دېدى دادام ۋە ئۆزىنىڭ قاچان ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بوۋاي بېشىنى پەس قىلىپ، ئويلىغاچ دادامنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىدى.

دادام كۈلۈمسىرەپ، ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ تۇردى.

بوۋاي بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— دادىڭىز بىر ئىنژېنېر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

دادام خۇشال بولۇپ:

— شۇنداق، توغرا دېدىڭىز، ئېسىڭىزگە كەپتۇ — دە، — دېدى ۋە ئىككى قولىنى بوۋايغا سۇندى.

— بوكىنى، سىز ھازىر شۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىپسىز!

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ دادامنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق چاچلىرى دادامنىڭ چاچلىرىغا تەگدى، دا-

دامىمۇ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن چىڭ قۇچاقلاشتى.

مۇئەللىم بىزنى ئۆيىگە باشلاپ باردى.

—بوكىنى! ئەمدى تولۇق ئىسىمگە كەلدى! بىرىنچى يىللىق ۋاقتىدا، سىز دېرىزە تۈۋىدىكى رەتنىڭ ئالدىدى- كى پارتىدا ئولتۇراتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ بۇدۇر چاچلىرىڭىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدىڭىز.

دادام بېشىنى لىڭشىتىپ، خۇشاللىقتىن كۈلۈپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

— ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىز ناھايىتى شوخ بالا ئى- دىڭىز. ئىككىنچى يىللىق ۋاقتىدا، بىر ئاغرىدىڭىز، ساقايغاندىن كېيىن، مەكتەپكە كەلگەندە ئورۇقلاپ باش- قىچىلا بولۇپ قالغانىدىڭىز. شۇ چاغدا سىزنى ئانىڭىز ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇستىڭىزدە ئانىڭىزنىڭ يې- پىنچىسى بار ئىدى، شۇنداقمۇ؟ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 40 نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سىز مەندەك بىر قې- رىنى ئۇنتۇپ قالماي، يەنە يوقلاپ كېلىپسىز، بۇ ئاسان ئەمەس!

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى نەملەندى.

ئۇنىڭ قوللىرى سەكتە بولغان ئادەمنىڭكىدەك تىترەيتتى.

— مۇئەللىم، يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭىز قاند-

داقىراق؟

— ھەر ھالدا ياخشى، بىراق ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان، قولۇمدا ئازراق دەرد بار. دەسلەپتە دىققەت قىلـ ـماپتىمەن، تېزلا ئوڭشىلىپ قالىدىغۇ، دەپ قاراپتىمەن، بارا - بارا ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىـ ـمەن. بىر كۈنى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز بارماقلىرىم ئۇيۇشۇپ، قولۇمدىكى قەلەم «تورووككىدە» دەپتەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتىرىمۇ بويىلىپ كەتتى. شۇ چاغدا، خۇددى يۈرىكىمنى پىچاقتا تىلغاندەك ئازابلاندىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئامالسىز چىشىمنى چىشـ ـلەپ تۇرۇپ، مەكتەپتىن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ، پېنسىيىگە چىقتىم. ھېسابلاپ باقسام توپتوغرا 60 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپتىمەن.

ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، مەن دەرستىن چۈشكەندە، ئوـ ـقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئۇزىتىپ، ئۆيۈمگىچە ئەـ ـكىلىپ قويدى. شۇ چاغدا مەن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيـ ـماي، كۆڭلۈم قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قالدى.

مۇئەللىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ قولىغا قاراپ قويدى.

— بۇلتۇر ئايالىم ۋە بىردىنبىر ئوغلۇم مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ھازىر پەقەت دېھقانچىلىق

قىلىدىغان ئىككى جىيەنىملا قالدى، ئۇلار مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا تۇرىدۇ. بۇ يەردە مەن يالغۇز تۇرىمەن.

مەن ھەر كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى كۆرىمەن، قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى ئو-قۇغۇچىلىرىمنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ۋاراقلايمەن. بۇ مېنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى بىردىنبىر خۇشاللىقىم!

مۇئەللىم بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كې-يىن، تۇيۇقسىز خۇشال ئاۋازدا:

— راست، مەن سىزگە بىر نەرسىنى كۆرسى-تەي، — دېدى ۋە ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر باغلام سار-غىيىپ كەتكەن قەغەزنى ئالدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ بوغقۇچىنى يېشىپ، ئارىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دا-دامنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھە! بۇ... — دادام ۋارقىرىۋەتتى.

قەغەزنىڭ ئۈستىگە «بوكىنى» دەپ يېزىلغانىدى، خەت خۇددى سازاڭ قۇرتىدەك يېزىلغان بولۇپ، كىچىك بالىنىڭ يازغان خېتى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ سىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقتىكى نەتىجە-ڭىز.

دادام قەغەزنى ئېلىپ، خىيال سۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا

قارىدى.

— سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىز خاتىرىلەنگەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە!

مەن بۇ چېكىتلەرنى كۆرگەندە، بۇرۇن مۇئەللىمىنىڭ قوللىرىنىڭ نەقەدەر ئەپچىل ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم.

دادامنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىگەن بولۇپ، چەكسىز ھەسرەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھەي! ھازىر مېنىڭ بۇ قولۇم شۇ چېكىتلەرنى قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. قارىغاندا، مېنىڭ كۈنۈممۇ ئاز قالغان ئوخشايدۇ!

— مۇئەللىم! چىرايىڭىز شۇنداق ياخشى تۇرۇپتۇ. قولىڭىزدىكى كىچىككىنە چاتاقنا نىمە بولاتتى، ئىشىنىمەنكى، سىز چوقۇم ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز.

— رەھمەت سىزگە! لېكىن، يېشىم بىر يەرگە باردى دەڭا!

دائىم سىزگە ئوخشاش خېلى ئىلگىرى ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىم يوقلاپ كېلىدۇ. ھەر قېتىم ئۇلار كەلگەندە بەلكىم بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈش بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— مۇئەللىم، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. ... ھەي، چۈش بولۇپ قاپتۇ، مەن سىزنى بازارغا بېرىپ تاماق

يېيىشكە تەكلىپ قىلاي، ھەرگىز رەت قىلمىغايسىز!

دادام شۇنداق دېيىش ئارقىلىق، مۇئەللىمنىڭ ئا-زابلىق ھېسسىياتىنى باشقا ياققا بۇرىماقچى ئىدى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! مېنىڭ قولۇم بۇنداق تىترەپ تۇرسا، تاماق يېيىشىم تازا ئەپسىز، سىرتقا چىقمىغىنىم ياخشى!

— ھېچقىسى يوق! مەن سىزگە يېگۈزۈپ قويىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىرىنچى يىللىقتىكى ۋاقتىمدا، سىز بولكىنى ئۇششاق پارچىلاپ مېنىڭ ئاغزىمغا تىقىپ قويغانىدىڭىز. ئەمدى مەنمۇ سىزگە يېگۈزۈپ قوياي، بولامدۇ؟

مۇئەللىم كۈلدى، دادامىمۇ كۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، دادام قىزغىنلىق بىلەن ھاسىنى ئېلىپ مۇئەللىمگە بەردى.


ئاشخانىدا بىرنەچچىلا ئادەم بار ئىدى. دادام بىلەن ئىككىمىز مۇئەللىمنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇردۇق.

مۇئەللىم خۇددى 40 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى قى-ران مەزگىلىگە قايتقاندەك، كۈلۈپ، سۆزلەپ، بۇرۇنقى-دەكلا سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى.

مۇئەللىم ناھايىتى خۇش بولدى، شۇڭا قولى تې-خىمۇ بەك تىترەپ، ھېچنېمە يېيەلمەي قالدى.

دادام ئۇنىڭغا گۆش ۋە بولكىلارنى پارچىلاپ بەردى....

مۇئەللىم ئۇزۇم ھارىقى ئىچكەندە، خۇددى كىچىك



بالىلاردەك، ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچەتتى. شۇنداقتىمۇ رومكا چىشلىرىغا تېگىپ ئاۋاز چىقاتتى، مەيدىسىگە ۋە پۇتلىرىغا خېلى كۆپ هاراق تۆكۈلۈپ كېتەتتى. دادام دەرھال سۈرتۈۋېتەتتى.

— بۈگۈن مەن مۇئەللىم بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن! مەن يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىللە تاماق يېگەن چاغلارنى ئەسلەپ قالدىم.

— مەنمۇ ناھايىتى خۇشال! بوكىنى، سىزگە سالا- مەتلىك تىلەيمەن!

مۇئەللىم رومكىنى قولىغا ئالدى. دادامىمۇ رومكىنى كۆتۈردى. ئۇلار «جاڭ» قىلىپ رومكا سوقۇشتۇردى.

مۇئەللىم بىردەم - بىردەم مېنىڭ مۇرەمنى سىلاپ قوياتتى، بىردەم - بىردەم مېنىڭ تۇرمۇشۇم ۋە مەكتەپ- تىكى ئەھۋالىمنى سوراپ قوياتتى.

تاماق يەپ بولۇپ، ئاشخانىدىن چىققاندا سائەتكە قا- رىساق، پويىز ماڭىدىغانغا ئاز قاپتۇ.

مۇئەللىم بىزنى ئۇزىتىپ پويىز ئىستانسىسىغىچە بارىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، دادام ئۇنى قايتا - قايتا قايتىپ كېتىڭ، دېسىمۇ، ئۇ ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، دادام مۇئەللىمنى يۆلىدى، مۇئەللىم مېنى يېتىلىدى،

مەن مۇئەللىمنىڭ ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ، بىللە پويىز ئىستانسىسىغا ماڭدۇق. يول بويى ئادەملەر كۇلۇمسىرەپ، مۇئەللىمگە سالام بەردى.

— بۇلار مېنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىم، — دېدى مۇئەللىم خۇشال بولۇپ.

— ھەممە يەردە مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىكەن، سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز نېمىدېگەن كۆپ-ھە!

— شۇنداق، ھەممە يەردە بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئازراق بولسىمۇ نەتىجە قازاندى.

مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى، كۆڭلى تېخىمۇ ئارام تاپقان بولسا كېرەك.

پويىز ئىستانسىسىغا كەلدۇق. پويىز ماڭىدىغانغا يەنە بىر-ئىككى مىنۇت قالغانىدى.

— مۇئەللىم، خوش!

دادام پويىز سۇپىسىدا تۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە قىزغىن سۆيدى.

— خوش! خوش!

مۇئەللىم شۇنداق دەپ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن دادامنىڭ قولىنى كۆكسىگە ياقتى.

مەن مۇئەللىم بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلاشقان چېغىمدا، ئۇنىڭ يۈزلىرى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

دادام مېنىڭ قولۇمدىن مۇئەللىمنىڭ ئېغىر ھاسىسىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇچىغا كۇمۇش قاپلانغان، ئىسمى ئويۇلغان ھاسىسىنى مۇئەللىمگە بەردى.

— بۇ ئەمەس، — دېدى مۇئەللىم.

— شۇ! مەندىن سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن!

مۇئەللىم قايتۇرۇۋېتىمەن دەپ تۇرۇشىغا، دادام سەكرەپلا پويىزغا چىقىۋالدى.

— مۇئەللىم، خوش ئەمىسە!

— رەھمەت! خوش! مەن بۈگۈن تولىمۇ خۇشال.

— مۇئەللىم، مەنمۇ ئىنتايىن خۇشال!

پويىز ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى. مۇئەللىم پويىز بىلەن تەڭ بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭدى.

— مۇئەللىم، قايتىپ كېتىڭ، كېيىن مەن يەنە سىزنى يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى دادام دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

مۇئەللىم توختاپ، بېشىنى چايقىدى، گويا: «بەلكىم ئەمدى كۆرۈشەلمەيمىز» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىز چوقۇم كۆرۈشىمىز! مۇئەللىم، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ! — دېدى دادام ۋارقىراپ.

مۇئەللىم تىترەپ تۇرغان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاسماننى كۆرسەتتى. ئۇ گويا: «شۇ يەردە كۆرۈشەيلى!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

پويىز تېزلەشتى. بىز توختىماي قول پۇلاڭشىتتۇق.

## ئوت ئىچىدىكى باتۇر
## 11 ـ ماي، يەكشەنبە

ــ دادا! بۇ قېتىملىق ئىنشا تاپشۇرۇقىدا مۇئەللىم تېما بەلگىلەپ بەرمىدى. ئۆزىمىزنىڭ تېما تاللاپ بىر پارچە ماقالە يېزىشىمىزنى تاپشۇردى. ماڭا بىر تېما تېپىشىپ بېرىڭا، بولامدۇ؟

ــ ھىم! ــ دادام ئويلاشقا باشلىدى.

مەنمۇ گىلەمدە ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ، تام مەشتىكى ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىمچە خىيالغا چۆكتۈم.

تۇيۇقسىز بىرى ئىشىكنى چەكتى.

ــ كىرىڭ! ــ دېدى دادام.

ئىككى نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى كىرىپ كەلدى.

ــ بۇ بىنادىكى بىر تۈرخۇندىن ئوت چاقناۋاتىدۇ، ئالىمادىس كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى.

ــ مەرھەمەت! سىلەر بەك جاپا چەكتىڭلار، رەھمەت سىلەرگە!

ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى بىزنىڭ تام مەشنى

تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

بۇ بىنادا بىزدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئائىلىلەر ئولتۇراتتى. زادى قايسى ئائىلىنىڭ مىشىدىن ياكى تۇرخۇنىدىن كاشىلا چىققاندۇ؟ ئۆيمۇئۆي تەكشۈرسە، ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ ـ دە! شۇڭا ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە قايتىپ چۈشمىدى.

ــ تاپتىم، ئالىخ! ماقالەڭگە «ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر» دەپ ماۋزۇ قويساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ مەن ساڭا بىر ھەقىقىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي، سەن ئۇنى رەتلەپ چىقساڭ، بىر پارچە ياخشى ماقالە چىقمامدۇ؟

ئىككى يىل ئىلگىرى، مەن يېرىم كېچىدە تىيىلىرخانىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، رىم كوچىسىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قىپقىزىل يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەسلىدە بىر تۆت قەۋەتلىك بىناغا ئوت كەتكەن ئىكەن. ئوت ۋە ئىس ـ تۈتەك دېرىزىلەردىن ھە دەپ سىرتقا ئېتىلاتتى.

بىنادىكى كىشىلەر جېنىنىڭ بارىچە «قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىشاتتى.

بىر چاغدا، بىر ئات ھارۋىسى قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. تۆت نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆي ئىچىگە

ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

بىر ئايال تۆتىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ توۋلاشقا باشلىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ رېشاتكىسىغا ئېسىلىپ، ھە دەپ پەسكە چۈشمەكچى بولاتتى. لېكىن دېرىزىدە پوت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەر بولمىغاچقا، ئۇ يا پەسكە چۈشەلمەي، يا ئۈستىگە چىقالماي، مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالدى. دېرىزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت ئۇنىڭ چاچلىرىغا تۇتىشاي ـ تۇتىشاي دەپ تۇراتتى.

ئايال بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئوتتىن قاچۇراتتى. ئىككى قولىدا رېشاتكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

كۆپچىلىك بولسا:

— تېز ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى! تېز قۇتقۇزۇۋالاي-لى! — دەپ توۋلىشاتتى.

تۆت نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ئىككىنچى، ئۈ-چىنچى قەۋەتلەردىكى قورقىنىدىن قالايمىقان يۈگۈرۈ-شۈپ يۈرگەن ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، تۆتىنچى قەۋەتكە يۈگۈردى.

تۆتىنچى قەۋەتتە بىرنەچچە ئۆي بولۇپ، ئوت پەلەم-پەينىڭ يېنىدىكى ئۆيدىن تۇتاشقانىدى، ئۆينىڭ ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

كارىدور ئىس ـ تۈتەك بىلەن توشقان بولۇپ، ئادەم نەپەسمۇ ئالالمايتتى.

ئوت يالقۇنى ۋە ئىس ـ تۈتەك كىشىلەرنىڭ قېچىش يولىنى توسۇۋالغان بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئەڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر ئۆيدە قاپسىلىپ قالغانىدى. ئۇلار يىغلايتتى، تۇۋلايتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى.

بۇ چاغدا، تۆت نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بىنانىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ قانداق چىققانلىقىنى ھېچ-كىم بىلمەيتتى.

تۈتەك ئىچىدە بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال چىققان ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ئىدى. ئۇ قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان، تېيىلغاق ئۆگزىدە ئېھتىيات بىلەن ئۆمىلىمەكتە.

كۆپچىلىك قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا، دومىلاپ چۈشەتتى.

ھېلىقى ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ئۆمىلەپ، خەتەر يۈز بېرىۋاتقان جايغا يېتىپ باردى. ئۇ پالتا بىلەن كاھىش ۋە ياغاچلارنى چېپىپ، ئادەم پاتقۇدەك بىر تۆشۈك ئاچتى.

تۆشۈك ئېچىلىپ بولغاندا، ھېلىقى مۇئەللەقتە ئې-سىلىپ تۇرغان ئايال ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەنىدى، ئوتمۇ بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كېلەيلا دەپ قالغانىدى.

ــ ھەي! بولمىدى! تۇگەشتى!

كۆپچىلىك تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

ھېلىقى تۆشۈك ئاچقان ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى تۆ-شۈكتىن سەكرەپ كىردى. كەينىدىن كەلگەن ئوت ئۆ-چۈرۈش خادىملىرىمۇ ئەگىشىپلا كىردى.

بۇ چاغدا، باشقا ئوت ئۆچۈرۈش ھارۋىلىرىمۇ كەي-نى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئايال ئېسى-لىپ تۇرغان دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا شوتا قويدى.

بىراق كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «ئالدىقاچان كې-چىكتى» دەپ ئويلىغانىدى.

— ھەي، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىمۇ ئوتتا كۆيۈپ تۈگىشىدىغان بولدى....

كۆپچىلىك بىرپەس جىمىپ كەتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى دې-رىزىدە پەيدا بولدى ـ دە، ھېلىقى ئايالنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، بىرلا تارتىپ چىقىرىۋالدى. ئايال ھوشسىز بو-لۇپ، ھېلىقى خادىمنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

پەستىكى كىشىلەر بىرپەس ئالقىش ياڭراتتى.

لېكىن، قانداق قىلغاندا ئۇ ئايالنى ۋە ئۆي ئىچىدە قاپسىلىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىققىلى بولىدۇ؟

شوتا بىلەن دېرىزىنىڭ ئارىلىقى خېلىلا بار ئىدى، ئۇنى قانداق قىلغاندا يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟

كۆپچىلىك يەنە جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، بىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى دېرىزە تەكچىسىدە

يىىنچە تۇرۇپ، پۈتىنى بىر كىرىپلا شوتىنىڭ ئۇچىغا دەسسىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆي ئىچىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش خا-دىملىرى قاپسىلىپ قالغان ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى، ئۇ شوتىدىكى ھەمراھلىرىغا سۇنۇپ بەردى.

ئەڭ ئاۋۋال، ھېلىقى رىشاتكىغا ئىسىلىپ قالغان ئايال، كەينىدىن بالىلار، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاياللار ۋە قېرىلار چۈشۈرۈلدى....

قاپسىلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇۋېلىن-غاندىن كېيىن، تۆت نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بىر-بىرلەپ شوتىدىن چۈشتى.

ئەڭ كەينىدە ھەممىدىن بۇرۇن چىققان ئوت ئۆچۈ-رۈش خادىمى چۈشتى.

ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى كۆكىرىپ، قى-زىرىپ كەتكەن، قاشلىرىمۇ كۆيۈپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

كۆپچىلىك يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى قاتمۇقات ئورى-ۋالدى.

شۇ چاغدىلا، كۆپچىلىك بۇ پىداكار باتۇرنىڭ ئىس-مىنىڭ روبىننو ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇنىڭ نامى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شەھەرگە تاراپ،

ھەممە ئادەم ئۇنى ماختاشتى.

دادام بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ، ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بىلەمسەن، مانا بۇ — جاسارەت. ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى يەرلىكتىكى قەھرىمانلار دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلار ئوت ئۆچۈرىدۇ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور. سەن روبىننو ئەپەندىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە! مېنىڭ ئۇنى بەكلا كۆرگۈم بار.

— نەچچە كۈندىن كېيىن مەن سېنى ئۇلار مانېۋىر قىلىۋاتقان يەرگە باشلاپ باراي!.... ھە، ئاۋۇ كىشى دەل شۇ!

مەن ھەيران بولۇپ، قايرىلىپ قارىدىم، ھېلىقى ئىككى نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى تەكشۈرۈپ بولۇپ، دەل بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

دادام ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكارراق كەلگەن بىرىنى كۆرسىتىپ:

— تېز بار، روبىننو ئەپەندىم بىلەن كۆرۈش! — دېدى.

روبىننو ئەپەندىم توختاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا قول ئۇزاتتى.

ئۇنىڭ قولى ھەم يوغان، ھەم قاتتىق ۋە ناھايىتى

كۈچلۈك ئىدى!

## پالاكەتكە ئۇچرىغان كېمە
## 24 ـ ئىيۇن، شەنبە

بىرنەچچە يىل بۇرۇن، دېكابىر ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، ھاۋا بەكمۇ تۇتۇق ئىدى. بىر چوڭ تېپتىكى يولۇچىلار كېمىسى ئەنگلىيىنىڭ لىۋېرپول پورتىدىن قوزغالدى. كېمىدە 70 نەپەر كېمە خادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 دىن ئوشۇق ئادەم بار ئىدى. كاپىتان ۋە كېمە خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەنگلىيىلىكلەر بولۇپ، يولۇچىلار ئىچىدە يەنە ھەرخىل سالاھىيەتتىكى ئىتالىيىلىكلەرمۇ بار ئىدى. كېمە مالتا ئارىلىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

كېمىدىكى 3 ـ دەرىجىلىك ياتاقتا 12 ياشلىق ئىتالىيىلىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئورۇق، چىرايىدىن باتۇرلۇق ۋە جىددىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايلىق بالا ئىدى. ئۇ كېمىنىڭ ئالدىدىكى موما ياغاچنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر دۆۋە ئارغامچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، يېنىدا نەرسە ـ كېرەكلىرى سېلىنغان بىر كونا سومكا بار ئىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ، ئۇچىسىغا بىر كونا ئەدىيالنى يېپىنىۋالغان، مۇرىسىگە يېنىچە قىلىپ بىر تېرە خالتىنى ئېسىۋالغانىدى.

بالا خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئەتراپتىكى يولۇچىلارغا، كېمىگە، كېمە خادىملىرىغا ۋە ئۆركەشلەپ تۇرغان دې-ڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتى. چىرايىدىن بىر ئائىلە بەخت-سىزلىكىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغاندەك بىر خىل ئىپادە بې-لىنىپ تۇراتتى. چىرايى چوڭ ئادەملەرنىڭكىگە ئوخ-شايتتى.

كېمە مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چاچلىرى ئاقارغان بىر ئىتالىيىلىك كېمە خادىمى بىر قىز بالىنى يېتىـ-لەپ، بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بالىغا:

— مارىئو، ساڭا بىر ھەمراھ تونۇشتۇرۇپ قو-ياي، — دېدى.

كېمە خادىمى شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى.

قىزچاق بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە سەپسېلىپ قاراشقاندىن كېيىن، بالا:

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مالتاغا، ئاندىن نابولۇسقا، — دېدى قىزچاق ۋە ئارقىدىنلا:

— مەن ئاتا ـ ئانامنى كۆرگىلى بارىمەن، ئۇلار مېنى ساقلاۋاتىدۇ! مېنىڭ ئىسمىم ژۇلىيە فازانى، — دېدى.

بىردەمدىن كېيىن بالا خالتىسىدىن بولكا ۋە قۇ-رۇق مېۋىلەرنى ئالدى، قىزچاقمۇ پېچىنە چىقاردى، ئۇلار بىرلىكتە يېيىشكە باشلىدى.

بىر چاغدا ھېلىقى كېمە خادىمى يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— سىلەر ئېھتىيات قىلىڭلار، شامال چىقىۋاتىدۇ، كېمە چايقىلىدۇ! — دېدى.

شامال بارغانچە كۈچىيىپ، كېمە شىددەت بىلەن چايقىلىشقا باشلىدى. بىراق، بۇ ئىككى بالىنىڭ بېشى قايمىغاچقا، پىسەنتمۇ قىلماي تۇراتتى. قىزچاق كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېشى بالا بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسىمۇ، بويى خېلىلا ئېگىز، يۈزى قارامتۇل، بويى زىلۋا، چىرايى سەل - پەل سولغۇن ئىدى. كىيىمىمۇ ئاددىي بولۇپ، بۇدۇر چېچىنى قىسقا قىلىۋالغانىدى. بېشىغا قىزىل شارپا ئورىۋالغان، قۇلاقلىرىغا كىچىك كۈمۈش ھالقا ئېسىۋالغانىدى.

ئىككىيلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يېگەچ، ئۆزلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئوغۇل بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. شۇڭا، ئىتالىيە كونسۇلى ئۇنى يۇرتى — پالېرموغا يولغا سېلىپ قويغانىدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئۇنىڭ يىراق تۇغقانلىرى بار ئىدى.

قىزچاقنى بىر يىل ئىلگىرى تۇل قالغان ھامىسى لوندونغا ئېلىپ كەلگەن. قىزچاقنىڭ ئاتا - ئانىسى نائۈمىتى نامرات بولغاچقا، ھامىسىدىن ئاز - تولا مىراسقا ئىگە بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ، قىزىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇشىغا قوشۇلغان. لېكىن، نەچچە ئاي

ئىلگىرى ھامىمىسىنى ئات ھارۋىسى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭدىن بىر سىنىتمۇ نەرسە قالمىغان. شۇڭا، قىزچاق كونسۇلخانىغا بېرىپ ياردەم تىلەش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قايتىدىغان بۇ كېمىگە چىقالىغان. بۇ ئىك- كىيلەن بايىقى ئىتالىيىلىك كېمە خادىمىغا ھاۋالە قىلىنغانىدى.

— ئاتا - ئانام مېنى بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولدى، دەپ ئويلايدىغاندۇ، بىراق، مەن مانا مۇشۇنداق قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى قىزچاق، — ئەمما، مې- نىڭچە، ئۇلار مېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ! ئىنىلىرىمە- نىمۇ شۇنداق. مېنىڭ تۆت ئىنىم بار. ئۇلارنىڭ ھەمە- مىسى كىچىك، مەن بالىلارنىڭ چوڭى، مەن ئۇلارغا كىيىم كىيگۈزۈپ قويىمەن! ئۇلار مېنى كۆرسە، چوقۇم خۇش بولىدۇ.... ۋايجان! دولقۇن نېمىدېگەن دەھشەتلىك!

قىزچاق ئارقىدىنلا ئوغۇل بالىدىن سورىدى:

— سىز تۇغقانلىرىڭىزنىڭ يېنىدا قالماقچىمۇ؟

— ھەئە، ئۇلار مېنى ئېلىپ قېلىشقا ئۇنىسىلا، — دېدى بالا جاۋابەن.

— ئۇلار سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— بىلمەيمەن.

— مىلاد بايرىمى كەلسە، مەن ئون ئۇچكە كىرد- مەن! — دېدى قىزچاق.

ئۇلار يەنە دېڭىز ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەر توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئۇلار كۈن بويى بىللە بولغاچقا، يولۇچىلار ئۇلارنى ئاكا ـ سىڭىلمىكىن دەپ قالدى. قىزچاق پايپاق توقۇيتتى، بالا چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. دېڭىز دولقۇنى بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. كەچتە ئۇخلىغىلى ماڭغاندا، قىزچاق مارىئوغا:

— ئوبدان ئارام ئېلىڭ! — دېدى.

— بۈگۈن كېچە ھېچكىم ئوبدان ئارام ئالالمايدۇ! بىچارە بالىلار! — دېدى ھېلىقى ئىتالىيىلىك كېمە خادىمى كاپىتاننى چاقىرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

ئوغۇل بالا قىزچاققا ئەمدى «خەيرلىك كەچ» دەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بىر دولقۇن كېلىپ، ئۇنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا يىقىتىۋەتتى.

— ۋايجان! چاتاق بولدى! قان چىقىۋاتىدۇ! — دېدى قىزچاق بالىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. قىزچاق ھوشىدىن كەتكەن مارىئونىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قاننى سۈرتتى، بېشىدىكى شارپىنى ئېلىپ، بالىنىڭ بېشىنى تاڭدى. ئۇ بالىنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە تىرەپ تۇرۇپ

تاڭغاچقا، سېرىق رەڭلىك بەلبېغى قىپقىزىل قانغا بو-
يىلىپ كەتتى.

مارىئو ھوشىغا كېلىپ، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن
تۇردى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى
قىزچاق.

— كېرەك يوق! — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

— ئۇنداقتا، سىز ياخشى ئارام ئېلىڭ! — دېدى ژۇ-
لىيە.

— خەيرلىك كەچ! — دېدى مارىئو.

ئۇلار ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ،
ئۆزلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

ھېلىقى كېمە خادىمىنىڭ دېگىنى راست چىقتى.
ئۇلار تېخى ئۇخلىمايلا، شىددەتلىك قارا بوران كېمىگە
ھۇجۇم قىلىپ، دېڭىز دولقۇنى بىر ماچتىنى سۇندۇرۇ-
ۋەتتى، كېمە بېشىدىكى ئۈچ كىچىك قېيىق ۋە تۆت
كالىنى خۇددى يوپۇرماقنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ كەت-
تى. كېمىنىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى، نەرسى-
لەرنىڭ ئۆرۈلگەن ئاۋازى، ۋارقىراشلار، يىغلاشلار، دۇئا
قىلغان ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر
مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى.

بوران توپ - توغرا بىر كېچە چىقىپ، بارغانسېرى

كۆچىيىشكە باشلىدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. قورقۇنچلۇق دولقۇن پالوبىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىپ، دېڭىزغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. پار قازان ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇپا پاچاق-لىنىپ، دېڭىز سۈيى كېمە ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى، ئوت ئۆچۈپ قالدى، رولچى قېچىپ چىقتى، سۇ تۆت تەرەپتىن كىرىشكە باشلىدى.

—ناسوسنى ئېلىپ كېلىڭلار!—دەپ توۋلىدى كا-پىتان.

كېمە خادىملىرى ناسوس بار تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. بىراق، ئۇشتۇمتۇت چوڭ بىر دولقۇن كېلىپ، كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە ئۇرۇلۇپ، كېمە شوتىسىنى سۇندۇرۇپ دېڭىزغا چۈشۈرۈۋەتتى.

يولۇچىلار قورقىنىدىن تېنىدە جان قالمىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چوڭ بۆلۈمنىڭ ئىچىگە كى-رىۋالدى.

بۇ چاغدا، كاپىتان كەلدى.

— كاپىتان! كاپىتان!—دەپ توۋلاشتى كۆپچى-لىك،—قانداق قىلىمىز؟ بىز خەتەردىن قۇتۇلالايمىزمۇ؟ بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!

كۆپچىلىك جىمىغاندىن كېيىن، كاپىتان سالماق-لىق بىلەن:

— ئۈمىد يوق! — دېدى.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. ھەددىدىن زىيادە ۋەھىمە تۇيەيلىدىن، ھەممەيلەن خۇددى قېتىپ قالغاندەك، مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. كۆپچىلىك تاتارغان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشاتتى. دېڭىز يەنىلا شىددەتلىك ھۆۋلىماقتا، دەھشەتلىك دولقۇندىن كېمە قاتتىق چايقالماقتا.

كاپىتان قۇتقۇزۇش قېيىقىدىن بىرنى چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. بەش نەپەر كېمە خادىمى قېيىققا چىقتى، قېيىق پەسكە چۈشۈرۈلدى، بىراق، بىر دولقۇن كېلىپ قۇتقۇزۇش قېيىقىنى ئۆرۈۋەتتى، ئىككى نەپەر كېمە خادىمى سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھېلىقى ئىتالىيىلىك كېمە خادىمى ئىدى. باشقا كېمە خادىملىرى مىڭ تەسلىكتە ئارغامچىغا ئېسىلىپ، كېمىگە چىقىۋالدى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، كېمە خادىملىرىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئىككى سائەتتىن كېيىن، دېڭىز سۈيى پالوبىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتتى. پالوبىدا قورقۇنچلۇق مەنزىرە ھاسىل بولدى: ئانىلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بالىلىرىنى باغرىغا باساتتى؛ دوستلار قۇچاقلىشىپ ۋىدالىشاتتى؛ بەزىلەر دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆزلىرىنى يۇتۇپ كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىماي، كېمە بۆلۈمچىسىگە

كىرىۋېلىپ، ئۆلۈمنى كۈتمەكتە ئىدى. بىر يولۇچى تا- پانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى، ئۇ پەلەمپەيگە يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزدى. نۇرغۇن كىشىلەر ساراڭلارچە بىر - بىرىنى قۇچاقلاشماقتا ئىدى. ئاياللار ئازاب ئىچىدە جان تالىشاتتى، پوپنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە ئادەم تىز- لىنىپ ئولتۇراتتى. بوۋاقلارنىڭكىدەك يىغا ئاۋازلىرى ۋە چىرقىرىغان ئاۋازلار قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردە ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ئادەملەر پۈتۈنلەي ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تۇراتتى، ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىدى.

بوران سەل پەسەيدى، بىراق كېمە ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە ئىدى، يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پۈ- تۈنلەي چۆكۈپ كېتەتتى.

— ماتورلۇق قېيىقنى چۈشۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى كاپىتان.

ئەڭ ئاخىرقى بىر قېيىق دېڭىز يۈزىگە چۈشۈرۈل- دى، 14 نەپەر كېمە خادىمى ۋە ئۈچ نەپەر يولۇچى قې- يىققا ئولتۇردى.

كاپىتان پالوبىدا قالدى.

— سىزمۇ چۈشۈڭ! — دەپ توۋلاشتى كۆپچىلىك.

— مەن خىزمەت ئورنۇمدا ئۆلىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى كاپىتان.

— باشقا كېمىلەرگە ئۇچراپ قالساق، — دەپ توۋ-لىدى كېمە خادىملىرى، — قۇتۇلۇپ قالىمىز. تېز چۇ-شۇڭ! بولمىسا ئۆلۈپ كېتىسىز!

— مەن قالىمەن!

— قېيىقتا يەنە بىر كىشىلىك ئورۇن بار! — دېدى كېمە خادىملىرى باشقا يولۇچىلارغا قاراپ، — ئاياللاردىن بىرى چۈشسۇن!

كاپىتان بىر ئايالنى يۆلەپ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، بىراق ئۇ ئايال قېيىقنىڭ كېمىدىن يىراق تۇرغانلىقىـ-نى كۆرۈپ، سەكرەشكە جۈرئەت قىلالماي، پالۇبىغا يىـ-قىلىپ قالدى. باشقا ئاياللارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۆ-لۈكتەك ھوشسىز ياتاتتى.

— ئۇنداقتا، بالىلاردىن بىرى چۈشسۇن! — دەپ توۋلىدى كېمە خادىملىرى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورقۇپ ھوشىنى يوقاتقان بالا مارئو بىلەن ھېلىقى قىزچاق ئىختىيارسىز ھالدا ھا-ياتلىقتا بولغان تەشنالىقىنىڭ تۈرتكىسىدە تەڭلا يۈگۈ-رۈپ باردى ۋە «مەن! مەن!» دەپ توۋلىدى.

— كىچىكرەكى چۈشسۇن! — دېدى كېمە خادىـ-مى، — قېيىق توشۇپ كەتتى، كىچىكرەكى چۈشسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزچاق خۇددى چاقماق ئۇرۇۋەتـ-كەندەك، ئىككى قولىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈمىدسىزلىك

ئىچىدە مارىئوغا قارىدى ۋە مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇردى.

مارىئومۇ قىزچاققا قارىدى، قىزچاقنىڭ كۆكرىكىدىكى قان دېغىغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشتى ـ دە، شۇ هامان بىر مۇقەددەس ئوي ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولدى.

— كىچىكرەكى! — دەپ توۋلايتتى كېمە خادىملىرى، — قېيىق هازىرلا ماڭىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن، مارىئو ئۆزىنىڭگە ئوخشىمايدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ مەندىن يېنىك! ژۇلىيە، سىز چۈشۈشىڭىز كېرەك! سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بار! مەن بولسام تىكەندەك يالغۇز! سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەي، تېز چۈشۈڭ!

— ئۇنى تاشلاپ بېرىڭلار! — توۋلىدى كېمە خادىملىرى.

مارىئو ژۇلىيەنى بىر ئىتتىرىپلا دېڭىزغا چۈشۈرۈۋەتتى!

قىزچاق بىر ۋارقىرىغىنىچە «پولتۇڭ»قىلىپ سۇغا چۈشتى، بىر كېمە خادىمى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ قېيىققا چىقىرىۋالدى.

بالا بېشىنى كۆتۈردى. شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرتاتتى. ئۇ كېمىنىڭ گىرۋىكىدە خاتىرجەم ۋە بەخىرامان هالدا قەددىنى تىك تۇتۇپ جىم تۇراتتى.

ماتورلۇق قېيىق قوزغالدى. كېمە ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ، قاينام ھاسىل قىلىشقا باشلىدى، دەل شۇ پەيتتە، قېيىق خەتەرلىك دائىرىدىن چىقىپ كەتتى.

قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ، كېمىدىكى بالىغا قاراپ، «ۋاڭگىدە» يىغلىۋەتتى.

— خوش! مارئو! — دېدى قىزچاق ئىككى قولىنى سوزۇپ، — سىزنى پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

بالىمۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاۋاب بەردى.

—خوش!

قېيىق دولقۇنلار ئىچىدە بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ، يىراققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كېمىدىكى كىشىلەر ئەمدى ۋارقىرىمايتتى، كېمىنىڭ پالۋىسىنى سۇ بېسىپ كەتكەندى.

ئۇشتۇمتۇت، قىزچاق ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئاسمانغا قارىغىنىچە تىزلاندى.

قىزچاق ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دېڭىز يۈزىگە قارىغاندا، كېمىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

## يىراققا سەپەر

## 2 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

ئەتىگەن، ئىللىق قۇياش نۇرى مېنى چۈشتىن

ئويغاتتى. مەن يۇڭ ئەديالنى تېپىپ ئېچىۋېتىپ، ئور-نۇمدىن دەس تۇردۇم.

— بۈگۈن بىز يىراققا سەپەر قىلىدىغان كۈن!

مەن ئانام تەييارلاپ بەرگەن سەپەر يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ، ئالدىراپ-تېنەپ، كېلىشىپ قويغان يەرگە قاراپ ماڭدىم. ھەممەيلەن مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، دەيلۇس، كارون، ناگې، گلوس، پانكس، ئانتوننى، كىرىچ، ستارد، كاروپىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىدى.

يەنە كىرىچنىڭ دادىسى، ئوتۇن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى خۇددى باش قوماندانىدەك ئوتتۇرىدا تۇراتتى.

ئانتوننىنىڭ كېسىلى تامامەن ساقايغانىدى.

گلوسمۇ دادىسى يېقىندا بىر چوڭ ياغاچچىلىق زاۋۇتىدىن خىزمەت تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى.

ھەممىمىز خۇشاللىقتىن خۇددى ئۈچۈرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك، سەكرىشىپ كەتتۇق.

— كۆپچىلىك دىققەت! مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار! قەدەملەپ مارش!

ئوتۇن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى كوماندا بەردى. ئۇ بۇرۇن ھەربىي بولغان بولۇپ، كوماندا بەرگەندە ئاۋازى نامايىتى ياڭراق، ئۆلچەملىك چىقاتتى.

كۆپچىلىكنىڭ سومكىلىرى تومپىيىپ كەتكەن

بولۇپ، ئىچىگە بولكا، كولباسا، تۇخۇم، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەر قاچىلانغانىدى.

بىز ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن، پىيادە ماڭدۇق.

تەخمىنەن بىرەر سائەت مېڭىپ، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ جىلغىسىغا كىردۇق، كۆپچىلىك بەس ـ بەس بىلەن ئالغا ئىتىلماقتا ئىدى.

قاتمۇقات تاغ يولىدا كۆپچىلىك قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئەتراپتىكى تاغ مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى.

— ھەي! كۆپچىلىك، دىققەت قىلىڭلار! ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ تىكىنى كىيىمىڭلارنى يىرتىۋەتمىسۇن!

ئۇتۇن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا تاپىلاپ، ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭماقتا ئىدى.

پانكس ئىسقىرتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىسقىرتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى.

— ھەي! نەرسىلىرىڭلارنى ماڭا بېرىڭلار. مەن ھەر كۈنى ئۇتۇن كۆتۈرۈپ چېنىقىپ كەتكەن، كۆپرەك نەرسە كۆتۈرسەم، ھېچ گەپ يوق.

كىرىچ شۇنداق دېدى ـ دە، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، خۇددى ئوغلاقتەك،

ھەممىدىن تېز ماڭاتتى.

دەيلۇس بىردەم ـ بىردەم توختاپ، تۇرلۇك گۇل ۋە قۇرتلارنىڭ نامىنى ماڭا دەپ بېرەتتى. مەن ئۇ-نىڭ شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا ھە-قىقەتەن قايىل بولدۇم.

كارون بىر قولىدا دۇمچەك ناگېنى يېتىلەپ، بىر قولىدا ئەمدىلا كېسەلدىن قوپقان ئانتوننىنى يۆلەپ، كەينىدىن ئاستا ماڭاتتى.

تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، كۆپچىلىك خۇشال-لىقتىن سەكرىشىپ، دومىلىشىپ كەتتى.

يىراقتا نەزەر سالغاندا، كەڭ كەتكەن دالىنى ۋە ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئالپس تاغلىرىنى كۆر-گىلى بولاتتى.

قۇياش نۇرى تاغ ئۈستىگە سېپىلىپ، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

بىز بەك ئۇيىنىۋەتكەچكىمىكىن، قورساقلىرىمىز دۇمباق چېلىشقا باشلىدى.

— ھەممەيلەن بۇياققا كېلىڭلار! بىللە تاماق يەيلى!

ئوتۇن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ھەممەيلەننى بىر يەرگە يىغقاندىن كېيىن، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مېۋە مۇرابباسىنى دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئېلىپ كۆپچىلىككە بۆلۈپ بەردى.

كۆپچىلىك ئىچىرقاپ كەتكەن بۇردەك مالاچىلىتىپ يىپىشكە باشلىدى، قورساق دېگەن تېگى يوق ھاڭغا ئوخشايدىكەن.

ئوتتۇن دۈكىنىنىڭ خوجايىنى بېلىدىن بىر شىشە ھاراقنى ئېلىپ، ئىچكەچ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھاراق ئوقۇغۇچىلارغا زىيانلىق، لېكىن مەندەك ئوتتۇن سودىگىرىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدۇ. ھا ... ھا ... ھا...، سىلەرنىڭ ئىچكۈچىلار كەلسە، ئاۋۇ جىلغىغا بېرىپ بۇلاق سۈيى ئىچىڭلار! بۇلاق سۈيى پەرۋەردىگار ياسىغان ھاراق!

بىز بۇلاق سۈيى ئىچىپ قايتىپ كەلگەندىن كې-يىن، خوجايىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياخشى دوست-لاردىن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئون يىلدىن كېيىن ئەھ-ۋال ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئالىخ بىلەن دەيلۇس يا ئالىم بولىدۇ، يا ئەمەلدار بولىدۇ. باشقىلار يا بىرەر شىركەتتە ئىشلەيدۇ، يا بىرەر زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. شۇ چاغدا، كىرىچ سىلەرنىڭ خىيالىڭلارغىمۇ كىرمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك ئوغلىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! — دېدى دەيلۇس

ئەستايىدىللىق بىلەن، — دوست دېگەن مەڭگۈ دوست بولىدۇ، كەلگۈسىدە مەيلى باي بولايلى ياكى كەمبەغەل بولايلى، دوستلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك! ھەرقانچە يىراققا كەتسەكمۇ، قەلبىمىز بىر بولىدۇ. شۇنداقمۇ، كۆپچىلىك؟!

— سەن ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ! — كۆپچىلىك بىردەك جاۋاب بەردى.

ئوتتۇن دۇكىنىنىڭ خوجايىنى تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان ئەقىدە! راستىلا شۇنداق قىلالىساڭلار، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت ئەڭ پاك مۇناسىۋەتتۇر. مەيلى باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن، بىر-بىرىگە شۇنداق يېقىن بولىدۇ. ياشىسۇن ساۋاقداشلىق!

خوجايىن بىر تەرەپتىن توۋلاپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇق شىشىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى.

كۆپچىلىك تەڭلا «ياشىسۇن!» دەپ توۋلىدى. ئورمانلىق ئارىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا ياڭرىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەممىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، خوجايىننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۆرگىلىدۇق.

مەن سول قولۇم بىلەن دەيلۇسنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ سىقتىم، دەيلۇس گىلوسنىڭ قولىنى سىقتى. شۇ بويىچە ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ قوللىرىنى سىقتۇق. قەلبىمىز شادلىققا ۋە مەمنۇنىيەتكە تولدى.

## يىللىق ئىمتىھان
## 4 ـ ئىيۇل، سەيشەنبە

سەھەردىلا جىددىيلىشىپ كەتتىم.

چۈنكى بۈگۈن يىللىق ئىمتىھان باشلىناتتى. يىللىق ئىمتىھان ئادەتتىكى ئىمتىھانلارغا ئوخشىمايتتى، بۇ ئىمتىھاننىڭ سوئالىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش چىقىرىپ، پېچەتلەپ، مەكتەپلەرگە ئەكىلىپ بېرەتتى، ئىمتىھان باشلىنىشتىن بۇرۇن سوئالنى مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئاچالمايتتى.

بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر، سىنىپتىن قالدۇرۇلاتتى.

مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشۈم كېرەك، شۇنداقلا، ئاتا ـ ئانامنىڭ، مۇئەللىملىرىمنىڭ بىر يىلدىن بېرى مېنى تەربىيىلەشكە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرالايتتىم.

دادام ماڭا ئىمتىھاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىردا مۇرەمگە ئۇ-

روپ تۇرۇپ:

— بارغىن! ئۆز ئىقتىدارىڭغا تايىنىپ، ئوبدان جاۋاب بەر! — دېدى.

يول بويى ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئىمتىھان توغرۇلۇق سۆزلىشىپ ماڭاتتى.

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دادىلىرى يولدا كېتىۋېتىپ، بالىلىرىغا ھېسابلاش فورمۇلىلىرىنى ياكى تارىخ، جۇغراپىيە جاۋابلىرىنى يادلاتقۇزاتتى.

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانىلىرى بالىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن سىنىپقا كىرگۈزۈپ، سىياھ قۇتىلىرىدا سىياھ بارمۇ ـ يوقمۇ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇچى ئۇچلاقلىقمۇ ـ يوق تەكشۈرۈپ بېرەتتى. سىنىپتىن چىقىپ يەنە خاتىرجەم بولالماي، سىنىپنىڭ ئىشىكىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى ھەمدە بالىلىرىغا قايتا ـ قايتا:

— ياخشى جاۋاب بەر! سالماقراق بول! — دەپ تاپىلايتتى.

بىزنىڭ سىنىپقا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى 5 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

بۈگۈن بىز چۈشتىن بۇرۇن ھېسابتىن ئىمتىھان بېرەتتۇق.

ئوقۇتقۇچى كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىمتىھان سوئالىنى چىقارغاندا، سىنىپنىڭ ئىچىدە تىنىقمۇ ئاڭلانماي قالدى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئاۋۋال سوئالنى باشتىن ـ

ئاخىر بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتىم، ئاندىن ئاسانلىرىدىن باشلاپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم.

ئىمتىھان باشلىنىپ بىرەر سائەت بولا ـ بولمايلا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى.

سوئاللار تولىمۇ تەس ئىدى، بەزى ساۋاقداشلار ھەتتا جىددىيلىشىپ يىغلاپمۇ تاشلىدى.

— جىددىيلەشمەڭلار، ئالدىرىماي ئويلاڭلار! ۋاقىت تېخى بالدۇر! — دەيتتى مۇئەللىم سىنىپ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاچ، پەس ئاۋازدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىپ.

تۇنجى بولۇپ دەيلۇس قەغەز تاپشۇردى. ستارد ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، بىر سائەتتىن ئوشۇق قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قەلەمنى قولىغا ئېلىپ شارتىلدىتىپ يېزىپ، بەش مىنۇتقا قالمايلا جاۋاب بېرىپ بولدى.

بىراق، چىرايىدىن ئازراقمۇ مەمنۇنلۇق ئىپادىسى كۆرۈنمىدى. پەقەت لام ـ جىم دېمەي ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

كەينىدىنلا كارون قەغەز تاپشۇردى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇ خۇددى: «ئالىخ، تەمتىرىمەي جاۋاب بەر، ئالدىرىما!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن مەن قەغەز تاپشۇردۇم. سىنىپتىن چىقىپ قارىسام، دادام كارىدوردا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

دادام قولۇمدىن ھېساب ئىشلىگەن چورنىۋاي قەغەزنى ئېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى.

مەن «ئۇھ» دېدىم.

تۇمۇرچىمۇ بالىسىنىڭ چورنىۋاي قەغىزىنى كۆ-رۈۋاتاتتى، قارىغاندا، ئۇ ئانچە بىلمىسە كېرەك، دادامدىن:

— بۇنى كۆرۈپ باقسىڭىز، پانكىس قانداق جاۋاب بېرىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

دادام ئەستايىدىل كۆرگەندىن كېيىن:

— ناھايىتى ياخشى، ھەممىسى توغرا ئىكەن، — دېدى.

تۇمۇرچى ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇنىڭ چىرايى-دىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

— سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بالام! — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

## ئېغىزچە ئىمتىھان
## 7 ـ ئىيۇل، جۈمە

بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىمتىھان — ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىناتتى.

بىزنى تۆتتىن بىر گۇرۇپپا قىلىپ، سىنىپتىن چاقىرىپ زالغا ئېلىپ كىردى.

زالدا بىر ئۈستەلگە يېشىل داستىخان سېلىنغان بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى ۋە تۆت نەپەر مۇئەللىم قاتار ئولتۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىبونى مۇئەللىممۇ بار ئىدى.

ئىمتىھانغا مەكتەپ مۇدىرى رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مۇئەللىملەر بىزدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىز خاتا جاۋاب بېرىپ قويساق ياكى جاۋاب بېرەلمەي قالساق، پىبونى مۇئەللىمنىڭ چىرايىدا شۇ ھامان ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى.

ئەگەر توغرا، تولۇق جاۋاب بەرسەك، مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈرۈپ، مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتاتتى.

مەكتەپ مۇدىرى بىزگە: «سىلەر ناھايىتى ياخشى جاۋاب بەردىڭلار، قايىتىڭلار!» دېگەندە بولسا، تېخىمۇ بەك خۇش بولۇپ، كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرلىرى چاقناپ كېتەتتى.

ئىمتىھان تۈگىدى، ھەممەيلەن خۇشاللىققا چۆمدى، پەقەت مېنىڭلا كۆڭلۈم بىر قىسما ئىدى، چۈنكى دادامنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئائىلىمىز چورلىسىدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتاتتى، مەنمۇ بۇ مەكتەپتىن، دوستلىرىمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشنى كارونغا پەقەتلا دېگۈم يوق، بىراق، ئۇ ھامىنى بىلەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭغا دېمەي بولامدۇ؟

—كارون، مەن پات ئارىدا سەندىن ئايرىلىمەن!

— نېمە؟ — رەسىم سىزىۋاتقان كارون بېشىنى

ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا ماڭا قارى-
دى.

مەن بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ، سەۋەبىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— ئۇنداقتا، كېيىنكى يىللىقتا بىز بىرگە بولال-
مايدىكەنمىز ـ دە؟ — دېدى ئۇ پەرىشان ھالدا.

— ھەئە!

— كارون گەپ قىلماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، رەسىمنى سىزىۋەردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قەغەزگە قالايى-
مىقان جىجىۋاتىدۇ دېسەك، تېخىمۇ مۇۋاپىق بولاتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا، قايغۇلۇق قىلىپ:

— سەن بىزنى ئېسىڭدە ساقلامسەن؟ — دېدى.

— سىلەرنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇمايمەن، بولۇپمۇ سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

كارون ماڭا تىكىلىپ قارىدى، گويا كۆڭلىدە ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بولۇپ، نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك، گەپ قىلماي سول قولىنى ماڭا ئۇ-
زاتتى.

مەن ئىككى قولۇم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆكسۈمگە چىڭ باستىم.

بىردەمدىن كېيىن، كارونني ئىمتىھانغا چاقىردى.

بىز مۇشۇنداق بىر گۇرۇپپا ـ بىر گۇرۇپپىدىن چاقىرتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمى تۈگىگەندە، سا- ئەت ئوندىن ئاشتى.

يىبونى مۇئەللىم خۇش چىراي هالدا سىنىپقا كىرىپ:

— ئالدىنقىلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھاندىن ئۆتتى. كېيىنكىلەرنىڭمۇ ياخشى جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېيىلا، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ كۆڭۈل شادلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولسا كېرەك، قەستەن يىقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىغا بىر ئېتىلدى ـ دە، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ كارىدوردىكى تۈۋرۈكنى قۇچاقلىۋالدى. ئاندىن «ۋايجان!» دەپ تووۋلاپ قويۇپ، كۈلۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ تۇرقى تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ھەممەي- لەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. بىراق، مۇ- ئەللىم زالغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ كەينىدىن قا- راپ، بىردىنلا سەل بىئارام بولدۇم.

مۇئەللىم ئەزەلدىن كەلسە ـ كەلمەس چاقچاق قىل- مايتتى. بۇگۈن بۇنداق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىل- غىنىغا قارىغاندا، بەكلا خۇشال بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ بىر يىلدا، مۇئەللىم بىزگە تەلىم بېرىمەن، دەپ كۆپ جاپا چەكتى، ئۇنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى پەقەت بۈگۈنكى بىردەملىك خۇشاللىقتىنلا ئىبارەت.

مۇئەللىم بىزگە كۆپ قان ـ تەر سىڭدۈردى. بىزگە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى بار، لېكىن ئۇ بىزدىن مىننەتدارلىق تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت بىز تىرىشىپ بىلىم ئېگىلەپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەكلا، شۇنىڭغا ئىنتايىن رازى.

كەلگۈسىدە، مەن ھەر قېتىم مۇئەللىمنى ئويلى-غىنىمدا، بۈگۈنكى قىزىقارلىق ھالىتى چوقۇم كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

## ئايرىلىش
## 10 ـ ئىيۇل، دۈشەنبە

بۈگۈن ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە، ھەممىمىز بۇرۇنقى سىنىپىمىزغا يىغىلدۇق، ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئىشلىرىنى قويۇپ مەكتەپكە كەلدى.

سىنىپنىڭ ئىچى لىق توشتى. كارونىنىڭ دادىسى، دەيلۇسىنىڭ ئانىسى، يەنە تۆمۈرچى، تاشچى، گىلوسىنىڭ دادىسى، ناگېنىڭ ئانىسى... ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئا-تا ـ ئانىسى كەلگەنىدى.

مۇئەللىم نەتىجە قەغىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— دەيلۇس، ئۆتتى، 100 نومۇر بىلەن بىرىنچى دە-رىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى!

كىشىلەرنىڭ ماختاش سادالىرى بىلەن چاۋاك ئاۋا-زى سىنىپنى بىر ئالدى.

دەيلۇس پارقىراپ تۇرغان سارغۇچ چېچىنى كەينىگە تاشلاپ، قورۇنغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاۋۋال ئا-نىسىغا قارىدى، ئانىسى ئالدىراپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ-نىڭ بىلەن سالاملاشتى.

كارون، كاروپى، پانكس، ئانتوننى ۋە كىرىچلارنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەلا ئىدى.

— ناگې، ئۆتتى، 90 نومۇر.

ناگې مۇرىسىنى قىسىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئانىسى كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلدى ۋە قولياغلىقى بىلەن كۆز چاناقلىرىنى سۈرتتى.

— ستارد، ئۆتتى، 91 نومۇر.

ستارد ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق خۇشاللىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

مەنمۇ ئۆتتۈپتىمەن، كەينىمگە قارىسام، دادام بىلەن ئانامنىڭ ئىغىزلىرىنى يۇمۇپ كۈلۈۋاتاتتى.

نەتىجە ئېلان قىلىنىپ بولدى. مۇئەللىم نەتىجە قەغىزىنى يۆگەپ يانچۇقىغا سالدى ۋە ئالدىرىماي كۆ-

زەيىنىكىنى ئالدى، ئاندىن بىزگە قاراپ:

— كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئې-رىشكەنلىكى، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ناھايىتى تىرىشىپ ئۆ-گەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن، تەگىدىن تولىسى-نى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ، سىلەر ئاتا-ئاناڭلارغا رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك! نەتىجە قەغىزىنى كېيىن سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز.

بۇ مېنىڭ ساۋاقداشلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر يەرگە جەم بولۇشۇم. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىر يىل بىللە تۇرمۇش كۆچۈردۇق، بۈگۈن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭغا كۆڭلىمىز قىيمايدۇ!

كېيىن سىلەر مېنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭلار مۇم-كىن، بىراق، مەن سىلەرنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقار-مايمەن.

— بىزمۇ مۇئەللىمنى ئۇنتۇمايمىز!

— مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز!

بىز تەڭلا ۋارقىراشتۇق.

— سىلەرگە رەھمەت! مەن ئىنتايىن خۇشال. بۇ بىر يىلدا، مەن كۆڭلۈم تارتمىغان ھالدا بىرنەچچە قېتىم ئاچچىقلاندىم، سىلەرنى تىللىدىم، ئەپۇ قىلى-شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

— نەدىكىنى، مۇئەللىم! سىز نېمىلەرنى دەپ كەت-
تىڭىز؟

ساۋاقداشلار ۋە ئاتا - ئانىلار تەڭلا چۇقان سالدى:

— مۇئەللىم، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ.

— مۇئەللىم بىزگە ئەزەلدىن ناھايىتى مۇلا-
يىم ... — دېدى دەيلۇس كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن.

— كېيىنكى يىللىقتا، مەن باشقا سىنىپقا دەرس
بېرىمەن، لېكىن بىز دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. قاچانلا
بولمىسۇن، سىلەر ھامان مېنىڭ قەلبىمدە، خوش!

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇردى، بەزىلەر مۇئەللىمنىڭ
بىلىكىنى تارتسا، بەزىلەر پېشىگە ئېسىلاتتى، ھەممەي-
لەن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتاتتى.

كۆپچىلىك بىردەك:

— خوش، مۇئەللىم! رەھمەت، مۇئەللىم! — دەپ
ۋارقىرىدۇق.

مۇئەللىم كۆزلىرىنى ياشلىغان ھالدا، ئارىمىزدا
تۇراتتى.

ئاخىردا، ھەممىمىز سىنىپتىن ئايرىلدۇق.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدا دوستلىرىم بىلەن خوش-
لاشتىم.

كىچىك تاشچى ماڭا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، شەي-
تانلىق قىلدى.

ھەممەيلەن ئۆزئارا خوشلاشماقتا.

ناگې كارونىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. كۆپچىلىك بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، قاتتىق تەسىرلەندۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— خوش! كارون! كېيىنكى مەۋسۇمدا كۆرۈشەيلى! — دېدۇق.

بەزىلەر ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، بەزىلەر ئۇنىڭ قولىنى سىقتى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن بۇ ساخاۋەتلىك بالىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي-ۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ئەڭ ئاخىردا مەنمۇ كارونىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈزۈمنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم.

كارون مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى.

— خوش، كارون!

— ئالىخ، چوقۇم خەت يېزىپ تۇر جۇمۇ!

— چوقۇم!

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا باردىم.

— دوستلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دادام.

— ھەئە، ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ بولدۇم.

— بۇرۇن بىرەرسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويـ-
غان يەرلىرىڭ بولسا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
بىرىپ ئەپۇ سورا!

— يوق، ھېچكىمنى رەنجىتمىدىم، — دېدىم مەن
سەمىمىيلىك بىلەن.

دادام مەكتەپ تەرەپكە قاراپ:

— خوش ئەمىسە! — دېدى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئال-
دىدىكى تاش تۇۋرۇكنىڭ يېنىدا يەنە بىرمۇنچە ساۋاق-
داشلار توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار قول پۇلاڭلىتىپ مەن
بىلەن خوشلاشتى.

ئاھ! مەن مەكتەپ بىلەن، ساۋاقداشلىرىم بىلەن
خوشلاشتىم.

— خەير ـ خوش! — دېدى ئانامۇ.

مەن ھېچنېمە دېيەلمەي، پەقەت قولۇمنى پۇلاڭ-
شىتتىم.

مەكتەپ دەرۋازىسى ۋە ساۋاقداشلىرىم كۆزۈمدىن
ئاققان ياش تۇپەيلىدىن خىرەلەشتى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

ئىتالىيە كۆرا ئوبلاستىنىڭ ئونگىيە كەنتىدە تۇغۇلغان ئىدموندو دې ئامىچىس دۇنيادىكى مەشھۇر باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھېس ـ تۇيغۇلار ئىنىق ۋە چىن، تىلى ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك، ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى تەسىرلىك، ئىدىيە چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. 1886 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق ئەسەردە بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندۇ. «مۇھەببەت تەربىيىسى» — باللار ئوقۇشلۇقى، ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە: «بۇ كىتابنى توققۇز ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېغىشلايمەن» دەپ يازغان. ئامىچىس «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەر ئارقىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشنى، ئۇلارنى ساغلام ۋە شاد ـ خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىشكە يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلغان.

بۇ ئەسەر 1886 ـ يىلى نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە

قىلىندى ۋە ئۇدا قايتا نەشر قىلىندى ھەمدە ئۇمۇ-
يۈزلۈك ھالدا بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان ئو-
قۇشلۇق قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق تەرجىمانى،
پېداگوگ شيا گەيزۈن ئەپەندى 1923 ـ يىلى بۇ مەشھۇر
بالىلار ئوقۇشلۇقىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى. ئۇ بۇ كى-
تابنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا، ئىنسانلارنىڭ غايىۋىلەشكەن
ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ھەمىشە دېگۈدەك
كۆز يېشى قىلماي تۇرالمىدى.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەر 1924 ـ
يىلى «شەرق» ژۇرنىلىدا پارچىلارغا بۆلۈپ ئارقا ـ ئار-
قىدىن بېسىلدى. كىتابتا نامايان قىلىنغان ئاتا ـ بالا،
ئانا ـ بالىلىق مېھرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە سا-
ۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، يۇرتىنى سېغى-
نىش ـ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى ... كىشىنى بەكمۇ
ھاياجانغا سالىدۇ. «مۇھەببەت تەربىيىسى» جۇڭگودا
نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىردەك ياخشى باھاغا ئې-
رىشتى. بۇ كىتاب نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتتى.

كۆپلىگەن پېشقەدەملەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇ-
ۋاتقان چېغىدا بۇ كىتابتىكى پېرسوناژلارنى ئۆزلىرىنىڭ
ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلغان، ئاتا ـ ئانا بولغاندىن كې-
يىن يەنە بۇ كىتابنى بالىلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ
قىبلىنەماسى قىلغان. تېخىمۇ كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر

بۇ كىتابنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئۇستاز بولۇشتا ياكى ئاتا ـ ئانا بولۇشتا قوللانغان ئۇسۇلىنى ھېكايىدىكى پېرسوناژلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، خىجالەت بولغانلىقىدىن يىغلاپ تاشلىغان. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ قىممىتى ۋە سېھرىي كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەردە، ۋەقەلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئالىخنىڭ خاتىرىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ، ئالىخنىڭ مەكتەپتىكى، ئائىلىدىكى، جەمئىيەتتىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەردىكى ۋەقەلىك نۇرغۇن كىچىك ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر تەسىرلىك ھېكايە قايناق ھېسسىيات، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىنغان. ھەربىر كىچىك ھېكايىنىڭ ئۆزىنى ئاددىي ئىشلارغا ئوقۇلغان قەسىدە دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ئەسەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئالىخنىڭ مەكتەپ ھاياتىنى تەسۋىرلەش، ئۇنىڭ تەپەككۇر يولىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئالىخنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى كۆز

ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بېرىلىدۇ. كىتابتىكى ھەربىر مۇھەببەت ھېكايىسى ئۆرۈق ـ تۇغقانچىلىق مېھرى، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت... قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر، مەيلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئاللىبۇرۇن ئاتا ـ ئانا بولغان چوڭلار ئۈچۈن بولسۇن ۋە ياكى باشقا خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار ئۈچۈن بولسۇن، بۇ كىتابنى بالىلار ئوقۇشلۇقىلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل ياش قۇرامىدىكى كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ياخشى كىتاب دېيىشكە بولىدۇ.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەردە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئورۇن تۇتىدىغان كۆپلىگەن كىچىك ھېكايىلەر بار. بۇ ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى چاققان، ھېكايىدىكى كىچىك باش قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ئوبرازى تەسىرلىك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ئەسەردىكى ھەر ئايلىق ھېكايىلەردىن ئىبارەت. ھەر ئايلىق ھېكايە جەمئىي ئون پارچە بولۇپ، ھەربىر پارچىسى ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر. بۇ ھېكايىلەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىر

چوڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەسەردىكى «لومباردىيىلىك كىچىك رازۋېدكىچى» ناملىق ھېكايىدە ئاپتور چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە لومباردىيىلىك كىچىك باتۇرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئەسەردە مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ:

فرانسىيە ـ ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەترىتى لومباردىيىدىكى بىر كەنتكە كېلىدۇ. كەنتتىكىلەر دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ. ھەربىيلەر بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا 12 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ئۇچرىتىدۇ؛ بۇ بالا ئۆيى يوق، يەنە كېلىپ ئۇرۇشنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلىقتىن بۇ يەردە قېپقالغانىدى. ئوفىتسېر ئالدىنقى سەپتىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما ئىنچىكە دەرەخكە يامىشىپ چىقالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چاققان ۋە يۈرەكلىك كەلگەن بۇ بالىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى دەرەخكە چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا پۇل بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. بۇ بالا ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما پۇل ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇ لومباردىيىلىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئۈچۈن ئىشلەشنى بەكمۇ خالايتتى. بۇ بالا دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر ئۇنى سېزىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتىپ

ئوق ئاتىدۇ.

ئوفىتسېر ئۇنى دەرەختىن دەرھال چۇشۇشكە بۇيـ-رۇيدۇ، چۈنكى بۇ بالا ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالـ-غانىدى، بۇ بالا ئۆزى تەرەپنىڭ ئارمىيىسى ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆپرەك كۆزەتمەكچى بولىدۇ ھەم ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالمايدۇ، ئاخىردا ئۇ ئوق تېگىپ باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. قىسىم ھەربىيـ-لەرگە خاس مۇراسىم بويىچە لومباردىيىلىك كىچىك باتۇرنى دەپنە قىلىدۇ. ھەربىيلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى گۈلچەمبىرەكلەر بىلەن پۈركەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تاـ-تارغان چىرايىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە تۆھپە قوشالىغانلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتسا كېرەك. لومباردىيىلىك كىچىك باتۇر ئىسسىق قېنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقىگە، ئارمىيىسىـ-گە، ۋەتىنىگە بولغان باتۇرلۇقىنى نامايان قىلدى. «دۇمـ-باقچى بالا» ناملىق ھېكايىدىمۇ ئوخشاشلا كىشىنى تەـ-سىرلەندۈرىدىغان كىچىك قەھرىماننىڭ ئوبرازى يارىـ-تىلغان. سارىدىنىيىلىك 14 ياشلىق سەرگەردان دۇمباقـ-چى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ توپ ئوقلىرىغا قارىماي ئىتالىيە ئارمىيىسى ئۈچۈن ياردەم بەرگۈچى قوشۇننى ئىزدەيدۇ. بۇ بالا ياردەمچى قوشۇننى تاپىدۇ، ئەمما ئۆزى شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئېغىر يارىلىنىدۇ. مىللەتنى

بىرلىككە كەلتۈرۈش جىڭىدە لومباردىيىلىك كىچىك باتۇرغا، ساردىنىيىلىك دۇمباقچى بالىغا ئوخشاش ساد-ىسىزلىغان باتۇر ئۆسمۈرلەر ۋەتىنىنىڭ بىرلىككە كېلى-شى ئۈچۈن ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان كىچىك باتۇرلار ئوبرازى ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇمۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپە-قىيەتلىك تەرىپى.

ئەسەردە يەنە بىر قىسىم ئاددىي پېرسوناژلار ئوبرا-زى يارىتىلغان. بۇ كىچىك دوستلارمۇ ئوخشاشلا روشەن مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، كىشىدە چوڭقۇر تە-سىر قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئالىنخ ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە پەي-دىنپەي ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۆزگىلارا ياردەملىشىشنى بى-لىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى ھۆرمەتلەيدىغان، دۆلەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئارمىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. ... بىرىنچى قىسىمدىكى سەككىز ياشلىق ۋە-تەنپەرۋەر ئۆسمۈر مۇشكۇل ئەھۋالدا قېلىپ، پۈتۈن ئە-زايى تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەن، ئاچ - يالىڭاچ، ئى-گە - چاقىسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردانىلىك بىلەن: «ئېلىپ كەت! ماڭا ۋەتىنىمنىڭ

يامان گېپىنى قىلغان ئادەمنىڭ نەرسىسى كېرەك ئە-
مەس!» دەيدۇ. جان ساقلاشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان كى-
شىلەر بۇنى ئاڭلىسا، قاتتىق نومۇس ھېس قىلمامدۇ –
ھە! بۇ يەردە ئىپادىلەنگەن نامراتلىق قىلچە تەۋرەتەل-
مەيدىغان مىللىي روھ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەر-
زىيدۇ. ئىككىنچى قىسىمدىكى دارازا كارون ئادالەتپەر-
ۋەر، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە خۇشتار خەيرخاھلىق
روھىغا باي، دادىللىق بىلەن راست گەپنى قىلىدىغان
بالا. ئۇ ئاجىز ساۋاقداشلىرىنى ئاكا ئورنىدا قوغدايدۇ.
ناگې دوك بالا بولۇپ، قورقۇنچاق ۋە ئاجىز ئىدى، ئۆ-
زىنى بەكمۇ پەس چاغلايتتى. ساۋاقداشلىرى دائىم ئۇنى
ئانىي تاپاتتى.

مۇشۇنداق چاغدا كارون ھەر قېتىم مەردانىلىك
بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئاجىز ناگېغا ياردەم قىلىدۇ.
كارونىنىڭ ياردىمىدە ناگې بارا – بارا ئۆزىنىڭ يېتەر-
سىزلىكىنى تۈزىتىپ، قورقۇنچاقلىق قىلمايدىغان،
ئۆزىنى كەمسىتمەيدىغان بولىدۇ. تۇرمۇشقا ۋە ئۆگى-
نىشكە بولغان جاسارىتى ئاشىدۇ. كارونغا بولغان ئى-
شەنچى ۋە دوستلۇقى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. ساۋاقداشلار
ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل سەمىمىي دوستلۇق ۋە ئۆزئارا
ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىزگە ئىلھام
بولۇشى كېرەك. كارونىنىڭ ساۋاقدىشى كاروپى ئۆزئارا

قار ئېتىپ ئويناۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر بو-
ۋاينى يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ. غەزەپلەنگەن ئامما كاروپىنى
تۇتۇۋېلىپ ئۇرماقچى بولىدۇ. كارون ھەق سۆزنى قىلىپ،
ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرىدۇ. كارون ئۇلارغا: «سىلەر ئون
نەچچە چوڭ ئادەم بىر بولۇپ مۇشۇ كىچىك بالىنى
ئۇرماقچىمۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە
بىز كارونغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ كۆپرەك ئوتتۇرىغا
چىقىشىنى بەكمۇ خالايمىز. ناھەق ئىشلار يۈز بەرگەندە
بىرەرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادالەتنى ياقلىسىلا، كى-
شىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ناھەقچىلىكمۇ ئازىيىدۇ، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا
تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. بەشىنچى قىسىمدىكى «كوچا»
ناملىق ھېكايىدە ئالىخنىڭ دادىسىنىڭ سۆزى ئارقىلىق
يوللارنى ئاسراشنىڭ ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇر-
چىنى تولۇق ئادا قىلىش، قىرىش، مېيىپ بولۇپ قې-
لىش، بەختسىزلىك، ئەمگەك ۋە ئۆلۈم ... قاتارلىقلارغا
توغرا پوزىتسىيە تۇتۇلغان. ھېكايىنىڭ يېزىلىش
ئۇسلۇبى ئەركىن، تىلى راۋان بولۇپ، ۋەقەلىكى كى-
شىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. يەتتىنچى قىسىمدىكى «دادام-
نىڭ مۇئەللىمى» ناملىق ھېكايىدە، دادىسىنىڭ ئالىخ-
نى بىللە ئېلىپ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنقى
باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى يوقلاپ بارغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇ-
چىسىنىڭ سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى، مىجەزى ۋە ئا-
لىخىنىڭ دادىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئار-
قىلىق خىزمەتكە، ئوقۇغۇچىلارغا يۈكسەك مەسئۇلىيەت-
چانلىق بىلەن قارايدىغان پىشقەدەم مائارىپچىنىڭ ئوب-
رازى يارىتىلغان. بۇ ئوبراز — ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئو-
قۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نەمۇنىسى.
مەيلى ئۆز ئىشىغا ئەستايىدىل قارايدىغان ئوقۇتقۇچى
ئوبرازى بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان
دادا ئوبرازى بولسۇن، كىشىگە چىن ۋە تەسىرلىك تۇ-
يۇلىدۇ.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» دە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدى-
كى ھەرخىل مېھىر-شەپقەت تەسۋىرلەنگەن. ئىنسانلار
ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-شەپقەتنى تەرغىب قىلىش بۇ
ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما
بۇنىڭ ھەممىسى تار مەنىدىكى مېھىر-شەپقەت ئەمەس.
ئۇ، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، خەلققە بولغان مېھىر-
شەپقەت، ئاتا-ئانىغا بولغان مېھىر-شەپقەت، ئوقۇتقۇ-
چى -ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ساۋاقداشلار ئارا دوست-
لۇق، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنى
بېغىشلىغانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ئادەملەر ئۆزئارا
مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. بۇنى ھەر بىرىمىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئائەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت ئۆزئارا چۈشىنىشكە، ئۆزئارا ھەمكارلىششقا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا موھتاج. بۇ ۋاقىتى ئۆتكەن ئىدىيە ئەمەس، قالاق تالاشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىش شەرتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۇنيانى ئالغا يۈكسەلدۈرۈش شەرتلىرىنىڭ بىرى. بىز بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىنى تاپالايمىز، شۇنداقلا ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىي گۈزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيمىز. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئەسەر روشەن ھالدا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتىگە بۈگۈنكى جەمئىيەتتىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

بىز «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىققىنىمىزدا، 19 ـ ئەسىردە تېخى بىرلىككە كەلمىگەن ئىتالىيە خەلقىنىڭ يات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى، بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي تىرىشچانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بىز يەنە ئىتالىيان مىللىتىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىنى ۋە ئادەمنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدىغان ئۇلۇغ مىللىي روھىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىزدە

گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، بۇ بىزنى بېشىمىزغا كەلگەن قىسمەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشقا ۋە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان گۈزەل سەھىپىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەردە مېھىر ـ شەپقەت مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن ھېكايىلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېس ـ تۇيغۇلار ئىنتايىن ئالىيجاناب ۋە سەمىمىي. ئەسەر مۇشۇ كىچىك ھېكايىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ دەردى ـ ھالىغا يېتىدىغان، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئەمگەكنى قەدىرلەيدىغان، نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان بولۇشقا يېتەكلىگەن، شۇنداقلا كىچىك قەھرىمان كارون ئوبرازى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئادالەت ئۈچۈن ھەق سۆزنى قىلىشقا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشكە، قالاق، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تىز پۈكمەستىن، دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى يورۇتۇلۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئامىچىسنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن خىلمۇخىل ئەھۋاللار بىرئاز غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆپ

يىللىق بۆلۈنۈشنى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى باش-تىن كۆچۈرگەن ئىتالىيە ئۈچۈن سەل قاراشقا بول-مايدىغان ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسەر بەدىئىي جەھەتتە ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىق-قان، بۇ خىل ئۇتۇق بەكمۇ ئۆزگىچە، كىتابتا ئاسا-سىي تېما روشەن ۋە مەركەزلەشكەن بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەرگە مېھىر - شەپقەت يىپى ئۆتكۈزۈلگەن. ھەربىر كىچىك ھېكايە گويا بىر تال مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ، ئۇ مۇستەقىل مەزمۇنغا ۋە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. يازغۇچى ئامىچىسنىڭ مېھىر - شەپقەتنى ئاساسىي يىپ قىلىپ، ئەسەردىكى كىچىك ھېكايىلەرنى بۇ يىپقا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ چىققانلىقى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئامىچىس ئىتالىيە مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە ئىتالىيان تىلىنىڭ بولۇشىنى، شۇ ئارقىلىق ئەينى چاغدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش-لارنى ۋە نەپسانىيەتچىلىكنى تۈگىتىپ، ئادەملەر ئو-مۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر - بىرىگە ئىشىنىدىغان بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئامىچىس گۇمانىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى خېلى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ كۈچلۈك غايىۋى تۈس ئالغان ئىدىيە-سى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەمما ئۇنىڭدىكى كۆپلىگەن كونكرېت مەزمۇنلار بىز ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن

پايدىلىق. بۇ ئەسەرنى ھەربىر كىشىنىڭ روھىي دۇن-
ياسىغا يوشۇرۇنغان گۈزەل ئەخلاقنى كىشىلەرگە نا-
مايان قىلىپ، ئىخمۇ ئالىيجاناب ھېسسىي دۇنيا
ھەققىدە ئىزدەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. «مۇھەببەت تەر-
بىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەر ئوخشاشلا يەنە، مەيلى ئۆ-
سۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى ئەۋلادلار — باشلانغۇچ مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى چوڭلار، ئاتا ـ ئا-
نىلار ئۈچۈن بولسۇن، سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەھمى-
يەتكە ئىگە. باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئەدەبىيات
تەرەققىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى باسالمايدۇ.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ ئەسەر بىرقەدەر
قېلىپلاشقان ئىتالىيان يېزىقىدا يېزىلغان، تىلى ئىن-
تايىن گۈزەل بولۇپ، ئۇنى ئىتالىيان تىلىنىڭ نەمۇنى-
سى دېيىشكە بولىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىل-
لىرىدا ئىتالىيە ئەمدىلا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئى-
تالىيان تىلى بويىچە تېخى ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن
بىر ئۆلچەم شەكىللەنمىگەنىدى. شۇڭا، ئامىچىس ئۆزى-
نىڭ ئىجادىيىتى داۋامىدا ئىتالىيان تىلىنىڭ قېلىپ-
لىشىشى ۋە ئۆلچەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ ئىلگىرى
سۈرگەن. ئۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ،
ئىتالىيان تىلىنى بىر خىل «مەدەنىي» بولغان ئىتالى-
يان تىلى ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىتا-

لىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىشنى ۋە ئىتا-
لىيىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى-
ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوب-
يېكتىپ جەھەتتە، بۇ تەشەببۇس ئىتالىيان تىلىنىڭ
نەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئاكتىپ رول ئوينى-
غان.

ئامىچىس بۇ ئەسەرنى يازغاندا، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن
تىلنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشىغا تېخىمۇ دىققەت قىلغان.
چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرى ئەمدىلا
ئىتالىيان تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن توققۇز ياش-
تىن 13 ياشقىچە بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرىدىن ئىبارەت ئىدى. كىتابتىكى گۈزەل، راۋان، تەبى-
ئىي چىققان ئىتالىيان تىلى بىزنى بەكمۇ خۇش قىلىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

سافوئى خانىدانلىقى رەھبەرلىكىدىكى ئىتالىيە
مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى 1860-يىلى غەلىبىگە
ئېرىشتى ھەمدە يېڭى ئىتالىيە پادىشاھلىقى ۋۇجۇدقا
چىقتى. ئەمما بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ئىتالىيە
خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرەلمىدى. كىشىلەرنىڭ

مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىگە بولغان گۈزەل ئۈمىدى ئاخىر كۆپۈككە ئايلاندى. ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ھەممە يەرنى قاپلىدى، شۇنداقلا يەنە مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رومانتىزم ئەدەبىياتى بارا ـ بارا زاۋاللىققا يۈزلەندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 90 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ئېقىمى بارلىققا كەلدى. رومانتىزم غايىسىنىڭ كرىزىسقا ئۇچرىشى ۋە پوزىتىۋىزم ئىدىيىسىنىڭ كەڭ تارقىلىشى، ئىلىم ـ پەننىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى، يازغۇچىلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ روشەن كۆتۈرۈلۈشى، سوتسىئولوگىيە ئىلمىنىڭ كەڭ تەتبىق قىلىنىشى، يېڭى ئىلىم ـ پەن نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، شۇنداقلا چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى قاتارلىقلار بۇ خىل ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىدە پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بۇ ئەسەر روشەن ھالدا فرانسىيىنىڭ سىمۋولىزم ۋە ناتۇرالىزم تۈسىگە ئىگە. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە ئۇسلۇبى ئومۇمەن تۇتۇق بولۇپ، ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشى چىقىپ تۇرىدۇ. ئامىچىسمۇ دەسلەپتە مۇشۇنداق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ ئە-

سەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىكى ئارمىيە گېزىتى «جەڭ قىلىۋاتقان ئىتالىيە» دە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر كېيىن «جەڭگىۋار ھايات» دېگەن تېمىدا توپلام قىلىپ چىقىرىلغان. ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇلىرى سىڭگەن بۇ ئەسەردە ئۇرۇشتىكى ھالاكەتنىڭ كۆلەڭگىسى، مۇھەببەتنىڭ قىسقىلىقى، روھىي زۇلۇم، كېسەللىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ تەھدىتى ... تولۇق نامايان قىلىنغان، رېئالىزم ئىدىيىسى بۇ ئەسەردە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

ئامىچىس ئەسەرلىرىدە رېئالىزم ئىجادىيىتىدىكى بەزى نۇقسانلارنى، مەسىلەن، رېئالىزم ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن چېكىدىن ئاشقان ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشىنى ياكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى كەمسىتىدىغان ۋە ياكى مەدەنىيەتنى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مەنسۇۋى بايلىقى دەپ قارايدىغان خاھىشلارنى بارا ـ بارا ھېس قىلغان. ئۇلار رېئاللىقتىن ئىنتايىن نارازى، ئەمما مۇۋاپىقراق تۈزۈمنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالغان، ھەتتا بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئامىچىس ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ئىدىيىۋى تەسىردىن قۇتۇلۇشقا بەكمۇ دىققەت قىلغان، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرى ھەققىدە تىرىشىپ ئىزدەنگەن، ئامىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان ھەمدە

بۇنىڭغا تۆھپە قوشقان.

ئامىچىس 1872 ـ يىلى ئارمىيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئىتالىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئامىچىس مۇشۇ ئاساستا ئىتالىيىدىكى يوشۇرۇن ئىجتىمائىي كرىزىسنى تونۇپ يەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى تاماملاندى. ئەمما بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ئىتالىيىدە فېئودال قالدۇق كۈچلەر يەنىلا كۆپلەپ ساقلىنىپ قالدى، پادىشاھلىق تۈزۈم پۈتۈنلەي يوقىتىلمىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلار تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگىنىگە ھەرگىز رازى ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا بولۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق تارىخىي مۇھىتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، جەمئىيەت داۋالغۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا پۈت تېپىشىش، بىر ـ بىرىنى ئالداش ئەۋج ئالغان، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلغان، فېئودال خۇراپىي ئىدىيىلەر ھەممە يەرگە يامرىغانىدى. ئامىچىس مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشىغان بولغاچقا، خەلقنىڭ نادان ۋە قالاقلىقىدىن بەكمۇ قايغۇراتتى. ئۇ ئەگەر مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان

بولسا، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىتالىيىنىڭ كېلەچىكى بولغان ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئىتالىيە مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ۋە ئىتالىيىنىڭ كەلگۈسىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىتالىيمۇ شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا يۈزلىنەتتى. ئامىچىس قالاقلىق بىلەن نادانلىقنىڭ پاجىئەسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئىتالىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇھىملىقىنى چۈشەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نەزىرىنى ئۆسمۈرلەرگە قاراتتى. بالىلار دۆلەتنىڭ ئۈمىدى، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بالىلارنى توغرا كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا باشلىغاندىلا، ئاندىن ئىتالىيىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. ئامىچىس مۇشۇنداق ئەھۋالدا «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ مەشھۇر بالىلار ئەسىرىنى ئىجاد قىلدى. ئامىچىس بۇ ئارقىلىق دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

# پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ئالىخ: يەنى «مەن» «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق ئەسەردىكى باش قەھرىمان، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل ئوقۇغۇچى. ئۇنىڭ بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئاتا-ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسىدە پەيدىنپەي ئۆسۈپ يېتىلىپ، باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىدىغان بولىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىشنى ئۆگىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭغا ئىگە ، ئەمگەكچى خەلققە خەيرخاھلىق قىلىشنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ.

ئالىخنىڭ ئانىسى: ئالىخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھالقىلىق رول ئوينىغان شەخس، ئالىخ ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندە ياكى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا ۋاقتىدا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنى توغرا تەرەپكە باشلايدۇ. ئالىخنىڭ دوستلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ.

ئالىخنىڭ دادىسى: ئالىخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخس، ئۇ ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدىغان ئادەم، ئۇ يەنە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئالىخنى ئۆزىگە بىلىم بەرگەن ئۇستازىنى قەدىرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ئۆز دۆلىتىگە ۋە ئارمىيىگە

چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ھەمدە ئالىخقا ۋەتەنپەرۋەر- لىكنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە، ئالىختا ۋەتەن سۆيۈش ئىدىيىسىنى مەزمۇت تۇرغۇزۇشقا ياردەم بەرگەن.

ئوقۇتقۇچى پىبونى: ئالىخنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، باش- قىلارغا ئۈلگە بولارلىق ئادەم. قارىماققا سۈرلۈك كۆ- رۈنگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، زادىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەيدۇ.

كارون: ئالىخنىڭ ياخشى دوستى، ئۇ ھەرقانداق چاغدا ئادىل ۋە ھەققانىي ئىش قىلىدۇ، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بوي تۇرقى ھەممىدىن بەستلىك بولسى- مۇ، ئەمما ساۋاقداشلىرىنى زادىلا بوزەك قىلمايدۇ، باش- قىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، خەير- خاھلىق روھىغا باي. ھەمىشە بوزەك قىلىنىشقا ئۇچ- رىغان ئاجىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ. ساۋاقداشلىرى ۋە مۇئەللىمى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، بۇ كىتابنىڭ گۈزەل تىلىنى ۋە ئاپتورنىڭ ياخشى نىيىتىنى ھېس قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئاپتور ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىتالىيان تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈيىدا بولغان. تىل جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلىدىن، بىز ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىساقمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، تىلى جەھەتتە يەنىلا ناھايىتى گۈزەل چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئاپتورنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ يېزىقىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە قېلىپلاشقان يېزىقنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، «مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىش لازىم. «مۇھەببەت تەربىيىسى» 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان كىشىلەر

ئۇچۇن ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يەنىلا ناھايىتى چوڭقۇر. مەيلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللار ياكى باشقىلارغا ئاتا ـ ئانا بولغان چوڭلار ئۇچۇن بولسۇن، ياكى ھەر خىل خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار ئۇچۇن بولسۇن، چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇ كىتابنى باللار ئوقۇشلۇقىلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل ياش قۇرامىدىكى كىشىلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان ياخشى ئوقۇشلۇق دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور ئەسەردە تەرغىب قىلغان كەڭ مەنىدىكى مۇھەببەتنىڭ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئىدىيىسىنىڭ ھازىرمۇ ۋاقتى ئۆتكىنى يوق.

كىتابتىكى ھەربىر جانلىق ھېكايە، تىرىك پېرسوناژلار ئىنتايىن ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، بۇ مۇنەۋۋەر پېرسوناژلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بەدىئىي جەھەتتە بەھرە ئېلىپلا قالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى پەزىلىتىدىمۇ يۇكسىلىش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. مانا بۇ ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەسەرنى ھەقىقىي تۇردە چۈشەنگەن بولىمىز.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» ناملىق بۇ كىتابتا نۇرغۇن

قىزىقارلىق بابلار بار. بۇ يەردە كىتابخانىلارغا نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى بابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز: بىرىنچى قىسىمدىكى «ۋەتەنپەرۋەر ئۆسمۈر» دېگەن ھېكايىدە ئاپتور كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا ئىگە ئۆسمۈرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ مۈشكۈل ئەھۋالدا قېلىپ، ئاچ-يالىڭاچلىق ئازابىنى تارتىۋاتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى ھاقارەتلىگەن ئادەمنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ «ئېلىپ كەت! ماڭا ۋەتىنىمنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئادەمنىڭ نەرسىسى كېرەك ئەمەس!» دېگەن سۆزى تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلمەكتە. ئىككىنچى قىسىمدىكى «ناگېنىڭ قوغدىغۇچىسى» ناملىق ھېكايىدە ئاپتور ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا باي، ئاجىز ساۋاقداشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلىدىغان بىر بالىنىڭ ئوبرازىنى — دارازا كارون ئوبرازىنى يارىتىپ، ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى چىن دوستلۇقنى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى ئىپادىلىگەن. يەتتىنچى قىسىمدىكى «دادامنىڭ مۇئەللىمى» ناملىق ھېكايىدە ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق، ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ بەك

ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ، دەيدىغان ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ ھېكايىدە «مەن» نىڭ دادىسى بىلەن بىللە، دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىسىنى يوقلاپ بارغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

1924 ـ يىللىرى شيا گەيزۈن ئەپەندى «مۇھەببەت تەربىيىسى» نى تەرجىمە قىلىپ جۇڭگوغا تونۇشتۇرغانىدى. بۇ كىتاب نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. تەرجىمە نەشرىياتى شيا گەيزۈن ئەپەندى تەرجىمە قىلغان بۇ كىتابنى 1997 ـ يىلى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ نەشر قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازدى. كىرىش سۆزدە: «بۇ ــ ياخشى نۇسخا، كىتابخانلارنىڭ ئۇنى ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز» دېيىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گۇاڭجۇ نەشرىياتىمۇ شۇ يىلى «مۇھەببەت تەربىيىسى» (چىن ۋېيرەن تەرجىمە قىلغان) نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىكى سۆزلۈكلەر قېلىپلاشقان، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، يەنە كۆپلىگەن قىستۇرما سۈرەتلەر كىرگۈزۈلدى، ئۇ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇنجان سۇلتان

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

ھەببۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۇبۇلقاسىم




ISBN 7-80658-932-5

9 787806 589328 >

ISBN 7 - 80658 - 932 - 5

باھاسى: 7.50 يۈەن